2008 . 1

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

ISSN 1005-0876
02>
9 771005 087006

源泉 (布拉克) ◉ BULAK


ChinaNet
中国宽带互联网
信息宽带专家
宽带生活 信息由我
تېلېگراف كەك بەلۋاغلىق تورى
مۇلازىمىتى ئەلا
تور سۈرئىتى تېز
مەزمۇنى مول
中国电信
CHINA TELECOM
世界触手可及
用户至上 用心服务 Customer First Service Foremost
中国电信乌鲁木齐分公司
免费客户服务热线

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

29 ـ يىل نەشرى
ئومۇمىي 118 ـ سان

تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز-ئوغۇل ،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول .
تولا كونا بىر سۆز مەسەلدە كېلۇر ،
ئاتا ئورنى ، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر .
كىشى ياخشى ئات بىرلە ئالقىش ئالۇر ،
يامان ئاتلىق ئولسا ، ئۇ قارغىش ئالۇر .
ئوغۇل ، قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ ،
بىرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ .

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

—— سۈلايمان ئىسمائىل خالى يازغان

# بۇلاق

2008 ـ يىللىق 1 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب ...................................... ئەلىشىر نەۋائىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

باھارىستان ...................................... ئابدۇراھمان جامىي (26)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

### مەشھۇر ئەسەرلەر

«ئالتۇن يايلاق»تىن ...................................... مەسئۇدىي (42)
تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن پالتا ھەيرانىي

### تىبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى

كۇچادىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تىبابەتچىلىككە دائىر ئۈچ قىسىملىق ۋەسىقە ھەققىدە ........
...................................... ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي (59)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىپادىلەنگەن پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىشى ...... مۇھەممەترېھىم سايىت (76)

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇزىكا ـ مۇقام ۋە ئۇسسۇل تەسۋىرى.......... غەيرەتجان ئوسمان (85)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

ھەزرىتى موللام ھەققىدە ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم............ مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم (89)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

جۇجەم توغرىسىدا رىۋايەت ......................... رەتلىگۈچى: راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (100)
پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى (چۆچەك) ............................ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان (107)

※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: **دوپپىچى قىز** (پەرھات ئىبراھىم سىزغان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

**تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)**
**تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)**




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ**

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن كىچىك باھادىر غىياسۇددىنىنىڭ ئوغلى[1]، شېئىرىيەت مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن ساھىبقىران[2]، چاغاتاي دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركىي تىلدا (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا) ئەڭ بۈيۈك شائىرلاردىن بولغان[3] ئەلىشىر نەۋائىي مىلادىيە 1441 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى (ھىجرىيە 884 - يىلى رامزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى) ھىراتتا دۇنياغا كەلگەن. 1501 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاتمىش يېشىدا شۇ شەھەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنغان بۇ ئەسەر — «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» (كۆڭۈللەر سۆيگىنى) ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مىلادىيە 1500 - 1501 - يىلى يېزىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرىدۇر.

بۇ ئەسەردە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، سىياسىي قاراشلىرى، ئەخلاق توغرىسىدىكى تىرەن مۇلاھىزىلىرى، ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرى، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرى، ئىلىم - پەن ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت چۈشەنچىلىرى باي ھېسسىيات، چىن سەمىمىيەت بىلەن باشتىن - ئاياغ قاپىيىلىك نەسر ئارقىلىق بايان قىلىنغان ۋە يەكۈنلەنگەن. ھەربىر مەزمۇن كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ۋە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدىغان پاساھەتلىك بايانلار، نۆۋىتىدە چوڭقۇر مەنىلىك نەزم، قىتئە، رۇبائىي، ھېكايەت ۋە تەنبىھ قاتارلىقلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت ۋە ئاجايىپ يارقىن ئىستىلىستىكىلىق پىكىر ئىلكىدە خۇلاسىلەنگەن.

«مەھبۇبۇل - قۇلۇب» مۇقەددىمە(كىرىش قىسمى)دىن باشقا ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن: بىرىنچى قىسمى «كىشىلەرنىڭ ھال - ئەھۋال ۋە پېئىل - ئەتۋارى» ماۋزۇسى ئاستىدا قىرىق پەسىل (باب)دىن

①②③ «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى، 18 -، 55 -، 75 - بەتلەر.

كىتاب نۇر بىكتى

تۈزۈلگەن؛ ئىككىنچى قىسمى «ياخشى قىلىق (ئەخلاق)نىڭ خاسىيىتى ۋە ناچار قىلىقلار» ماۋزۇسى ئاستىدا ئون بابتىن تۈزۈلگەن؛ ئۈچىنچى قىسمى «تۈرلۈك ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە پايدىلىق مىساللار» ماۋزۇسى ئاستىدا 127 تەنبىھ، 98 بېيىت ـ نەزم، قىتئە ۋە رۇبائىيدىن تۈزۈلگەن. «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب»نى نەشرگە تەييارلاشتا ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپاتىدىن يۈز يىل كېيىن، يەنى ھىجرىيە 1010 ـ يىلى (مىلادىيە 1601) ـ يىلى رامزان ئېيىنىڭ يىگىرمە ئۈچى ئاسۇق (ئاقسۇ)نىڭ كۆبرۈك(كۆۋرۈك) مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق سەئىدۇللا ئاخۇننىڭ ئوغلى ھاجى مۇھەممەتنىياز تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ تاماملانغان قولىيازما ئاساس قىلىندى.

مەزكۇر قولىيازما كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان بولۇپ، جەمئىي 260 بەت؛ فورماتى:20cm × 12؛ ھەربىر بېتىگە 11 قۇردىن خەت كۆچۈرۈلگەن؛ چوڭ ـ كىچىك ماۋزۇلىرى باشتىن ـ ئاياغ قىزىل سىياھدا يېزىلغان؛ خېتى تولىمۇ سىپتا ۋە چىرايلىق.

ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىش مەقسىتىدە بۇ ئەسەرنى قولىيازما نۇسخىسى، ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى بويىچە نەشرگە تەييارلىدۇق. ئىقتىدارسىزلىقىم تۈپەيلى يەشمىسىدە بەزى سەۋەنلىكلەرگە يول قويغان بولۇشۇم مۇمكىن. مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئۇستازلارنىڭ تۈزەتمە ـ كۆرسەتمىلىرى ئۈچۈن ھەرقاچان قولۇم كۆكسۈمدە (تىرناق ئىچىدىكى سان قولىيازمىنىڭ بەت نومۇرىنى، «ت» ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى، «ي» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى كۆرسىتىدۇ).

* * *

بسم اللهالرحمن الرحيم

[ 1. ت ] ھەمد ئاڭاكىم، زاتىغە ۋە سەنا ئاڭاكىم، ئىھسانىغە. ھەمد ئانچەكىم، سەزاۋاردۇر، ئايتىسە بولماس ۋە سەنا ئانچەكىم، يەرى باردۇر بىتىسە بولماس.

زاتى جەمىئ كەمالات سىفاتى بىرلە مەۋسۇف ۋە سىفاتىدىن مەجمۇئى كەمالات كەشف ئەھلىغە مەكشۇف.

تەنزىھى تىل بىرلە شەرھ قىلۇردىن مۇبەررا، تەقدىسى ئەل ۋەسف ئېتەردىن مۇئەررا. ئەزەمەتى باغىدا سىپېھرى دەۋۋار بىر نىلۇفەردىن كەم ۋە قۇدرەتى ئاللىدا نۇجۇمى سابىت، سەييار ئول نىلۇفەر يۈزىدە بىرنەچچە قەترەئى شەبنەم.

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

[ 1. ي ] بارلىق ھەمدۇسانالار پەقەت ئۇنىڭغا (ئاللاغىلا) خاستۇر. (ئاللانىڭ) ئۆز زاتىغا لايىق مەدھىيىسىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى، ئېھسانىغا مۇناسىپ تەشەككۇرلەرنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. زاتى بارلىق كامىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن بولۇپ، بۇ سۈپەتلەردىن مۇجەسسەملەنگەن كامالەتنى دىلى يورۇق كىشىلەرگە ئاياندۇر.

ئۇنىڭ پاكلىقى تىل بىلەن شەرھلىگەندىن ئارتۇق، ئۇلۇغلۇقى كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىگىنىدىن

زىيادە. ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق بېغىدىكى بىر تال نىلۇپەردىنمۇ كەمدۇركى، قۇدرىتى ئالدىدا تۇرغۇن يۇلتۇزلار ۋە سەييارىلەر شۇ نىلۇپەر يۈزىدىكى بىرنەچچە تامچە شەبنەمدۇر.

[ 2. ت ] نىلۇفەر يۈزىگە شەبنەم ساچقۇچى ھەم ئۇل ۋە شەبنەم سۈيىدىن نىلۇفەرزار، بەلكى گۈلىستانى ئىرەم ئاچقۇچى ھەم ئۇل.

بىنىيازلىغى جەنبىدە چەرخى نىگۇن بىر گەدايى نىيازمەند ۋە چارەسازلىغى ئالىدا دەھرى بۇقەلەمۇن[1] بىر بىچارەئى ئەجزپەيۋەند. ۋۇجۇدى مۇلاھەزەسىدە ئافەرىنىش(ۋۇجۇدى) نامەۋجۇد ۋە زاتى مۇتالەئەسىدە ئەۋۋەلىن ۋە ئاخىرىن بۇدى نابۇد. خانى ئېھسانى تەگرەسىدە ئالىي شانلار رىزقىغە سايىل، تەئەققۇلىدا ئالىي مەكان ئاگاھلار جەھلىغە قايىل.

قەھھارلىغى سەرسەرى ئۇچۇرۇرغە سابىت سەييار، نەستەرىنىنىڭ ساچىلغان يافراغلارى؛ جەببارلىغى قۇيۇنى ئۇچۇرۇرغە دەھرى غەددار، بەيتۇل - ھەزەنىنىڭ تۆكۈلگەن تۇفراغلارى.

[ 2. ي ] نىلۇپەر يۈزىگە شەبنەم چاچقۇچى ۋە شەبنەم سۈيىدىن نىلۇپەرزار پەيدا قىلغۇچى، بەلكى ئىرەم[2] بېغىدا گۈللەرنى ئېچىلدۇرغۇچىمۇ ئاشۇ (ئاللادۇر).

(ئاللانىڭ) بىھاجەتلىكى ئالدىدا ئېگىلىكەن پەلەك بىر گاداي، چارە - تەدبىرى ئالدىدا رەڭۋاز زامان ئاجىز بىر بىچارە؛ ۋۇجۇدى مۇلاھىزىسىدە ياراتقۇچىنىڭ ۋۇجۇدى مەۋجۇت ئەمەس، زاتى مۇھاكىمىسىدە ئاۋۋىلىمۇ، ئاخىرىمۇ يوق. ئېھسان داستىخىنى ئەتراپىدا يۈكسەك مەرتىۋە ئىگىلىرى (پادىشاھلار)مۇ رىزقى ئۈچۈن سائىل (تىلەمچى)؛ ئەقىل - ئىدرىكى ئالدىدا كاتتا دانىشمەنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىغا قايىل. قاھھارلىق (قەھر - غەزەپ) بورىنى ئۇچۇرۇشقا باشلىسا، تۇرغۇن يۇلتۇزلارمۇ نەستەرىن گۈلىنىڭ چېچىلغان ياپراقلىرىدەك، جەببارلىقى (كۈچ - قۇدرەت) قۇيۇنى سورۇشقا باشلىسا، ۋاپاسىز دۇنيامۇ غەم ئۆيىنىڭ تۆكۈلگەن تۇپراقلىرىدەك.

[ 3. ت ] يوقنى بار ۋە بارنى يوق قىلماق، ئانىڭ زاتىغە ئاسان ۋە بار - يوق ئانىڭ ئېھسانىدىن ئۇمىدۋار ۋە قەھرىدىن ھەراسان. بىر ئاۋۇچ تۇفراقنى مەلەكۇت خەيلىغە خىلافەت تەختىغە ئولتۇرتماق ئاڭا ياراشۇر ۋە يىللار مەلائىكەئى مۇقەررەبىنغە پىشەۋا قىلغانىنىڭ بوينىغە لەئنەت تەۋقى ئول سالۇر. نەزم:

قادىرىكىم، قۇدرەتىدىن مۇنچە يۈز ئەمرى غەرىب،
بولسە بىر سائەتدە مەۋجۇد ئاندىن ئېرمەسدۇر ئەجەب.
ئون سەكىزمىڭ ئالەمۇ ئادەم ياراتىپ، ئەيلەمەك
بىر كىشىنى ئافەرىنىش دەفتەرىدىن مۇنتەخەب.
ئول قىلا ئالۇر ئاڭا كەلدى مۇسەللەم بۇ ئۇمۇر،
گەر ئۆزى ئېردى مۇسەببەب، لېك بۇ بولدى سەبەب.

[ 3. ي ] يوقنى بار ۋە بارنى يوق قىلماق ئۇنىڭغا ئاسان؛ بارلىق ۋە يوقلۇق (ئىچىدىكى مەۋجۇدات) ئۇنىڭ (ئاللانىڭ) ئېھسانىدىن ئۈمىدۋار، قەھر - غەزىپىدىن قورقار. ئۇ بىر ئۇچۇم تۇپراقنى پەرىشتىلەر گۇرۇھىدا ئىزباسارلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزالايدۇ؛ پەرىشتىلەرگە قانچە يىللار

[1] قولىيازمىدا «بودرقلمون» يېزىلىپ قالغان.
[2] گۈزەل خۇش ھاۋا بىر باغنىڭ نامى.

پېشۋالىق قىلغان بىرىنىڭ بويىنغا لەنەت چەمبىرىكىنى سالالايدۇ. نەزم:

قادىر (ئاللا)نىڭ قۇدرىتى بىلەن بىرەر سائەتتە يۈزلىگەن ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئۇن سەككىزمىڭ ئالەم ۋە ئادەمنى يارىتىپ، يارالمىشلار دەپتىرىدىن بىر كىشىنى تاللاش. ئاللاغا خاس ئىشتۇر.

چۈنكى، سەۋەبمۇ، سەۋەب قىلغۇچىمۇ ئۇ ئۆزىدۇر.

[ 4. ت ] سۇبھانە زەلمۇلكى ۋەلمەلەكۇت، سۇبھانە زەلقۇدرەتى ۋەلجەبەرۇت جەللەت ئالائۇھۇ ۋە ئەممەت نىئمائۇھۇ ۋەلا ئىلاھە غەيرۇھۇ.

## نەئت سەييدۇل - مۇرسەلىن

دۇرۇدى نامەئىدۇد ئول مەھبۇبى ئاقىبەت مەھمۇدغەكىم، ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا (ئاڭا) ئانچە قۇرب ۋە مەنزەلەت بەردىكىم، ئالەم ۋە ئادەم ۋۇجۇدىدىن مەقسۇد ئانىڭ ۋۇجۇدى ئېردى. خۇجەستە تىينەتى رۇھى پاكدىن تاھىر ۋە فەرخۇندە تەلئەتى ئەناسىر تەركىبىدىن پاك ئېركەنى زاھىر. ئەناسىرنىڭ يەلى مەسىھ ئەنفاسى ۋە تۇفراغى يەئقۇب كۆزىنىڭ تۇتىياسى ۋە سۇيى خىزىر چەشمەسىنىڭ زۇلالى ۋە ئوتى كەلىم دەرەختى نارىنىڭ ئىشتىئالى ۋە بۇ ئەناسىرنى رۇھى پاك دېسە يەرى بار ۋە رۇھىغە رۇھى فىداك دېمەك سەزاۋار.

[ 4. ي ] (پادىشاھلىق، قۇدرەت ۋە غەلىبىسىنىڭ ئىگىسى، راھەت ۋە نېمەتلىرى كەڭ، ئىسما - ئىشارەتلىرى روشەن، ئۇلۇغ، ئىبادەتكە ئەڭ لايىق جانابىي ئاللاتائالانى پاكلىقى بىلەن يادلايمەن.)

## پەيغەمبەرلەر خوجىسىنىڭ تەۋسىپى

ئاللانىڭ كەلگۈسى پارلاق يېقىن دوستى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھېسابسىز رەھمەتلەر تىلەيمىز.

ھەقتائالا ئۇ زاتقا شۇنچە يېقىن ۋە ئالىي ئورۇن بەردىكى، ئاللانىڭ ئالەم ۋە ئادەمنى يارىتىشتىن مەقسىتى، ئۇنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك تەبىئىتىنىڭ ئېسىللىقى پاك روھتىنمۇ تازا، ۋۇجۇدى ئەناسىر (سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوت) تەركىبىدىنمۇ پاك ئىكەنلىكى ئاشكارا: ئەناسىرنىڭ ھاۋاسى — ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپسى؛ تۇپرىقى — يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىنىڭ تۇتىياسى؛ سۇيى — خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلىقىنىڭ زۇلالى؛ ئوتى — مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىخىدىكى ئوتنىڭ شولىسى. شۇڭا، بۇ ئەناسىرنى پاك روھ دېسە، دېگۈچىلىكى بار؛ مۇنداق روھ جان تەسەددۇق دېيىشكە لايىق.

[5. ت ] تايىرى سىدرەنىشىن بۇراقى بەرق گامى ۋە سايىرى رۇھۇل - ئەمىن پەيكى ئۇلۇۋى خىرامى. ئەفلاك شەبىستانى يۈزى بەھارىدىن رەۋشەن ۋە مەلائىكەلەر ئۇيۇنى رەخشى غۇبارىدىن گۈلشەن. كەلامى شەئنىدە «ۋەما يەنتىقۇ ئەنىل - ھەۋاي» ۋە نۇتقى بەيانىدا «ئىن ھۇۋە (ئىللا) ۋەھيۇن يۇھا». ئەسرارى ئىلاھىغە زاتى ئەمىن، ئىنايەت نامۇتەناھىيغە ئاتى «رەھمەتەن لىل - ئالەمىن». نەزم:

ئىكى گىسۇيى ئىكى لەيلەتۇل ـ قەدر،
بۇ ياڭلىغ ئىكى لەيل ئىچرە يۈزى بەدر.
بۇ لەيلۇ بەدر ئۇلۇپ شەمئى شەبىستان،
ئۇزارىدىن خۇي ئاندا كەۋكەبىستان.
بۇ كەۋكەبلەرنى ئەيلەپ تەڭرى مەۋجۇد،
نۇبۇۋۋەت مەئشەرىغە دۇررى مەقسۇد.

نۇبۇۋۋەت سىپىھرىدە قۇياش ئېركەنى مەئلۇم.

[ 5. ي ] سازاۋەر (يەتتىنچى ئاسماندىكى سىدرە دەرىخىدە تۇرغۇچى قۇش ئۇنىڭ چاقماقتەك يۈگۈرۈك بۇرىقى (ئېتى)؛ سەير قىلغۇچى جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بولسا، يۈكسەك ئورۇنلاردا يۈرىدىغان خەۋەرچىسى. پەلەك كېچىسى ئۇنىڭ چېھرى باھارى بىلەن گۈلشەن، پەرىشتىلەرنىڭ كۆزلىرى ئېتىنىڭ غۇبارى بىلەن روشەن①. ئاللا ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە: «(ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆز نەپس خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ»، نۇتقى توغرىسىدا: «پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھىينىلا سۆزلەيدۇ»② دېگەن.

ئىلاھىي سىرلاردىن ئۇنىڭ زاتى ئەمىن، چەكسىز مەرھەمەتلىرىدىن ئىسمى بولدى «رەھمەتەن لىل ـ ئالەمىن (پۈتكۈل ئالەمگە رەھمەت ئېلىپ كەلگۈچى)»③. نەزم:

ئىككى چېچى ئىككى قەدىر كېچىسى، يۈزى ئىككى كېچە ئىچىدىكى تولۇن ئايدۇر.
بۇ كېچىدىكى تولۇن ئاي قاراڭغۇ تۈننى يورۇتقۇچى چىراغ بولسا،
يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان تىنىق ئاسمان ئۇنىڭ ئۇزارىدىن خۇي ئالغاندۇر.
تەڭرى بۇ يۇلتۇزلارنى يارىتىپ، پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن مەقسەت گۆھىرى قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەر ئاسمىنىدىكى قۇياش ئىكەنلىكى (ھەممىگە) مەلۇم.
[ 6. ت ] مۇساھىبلارى شەئنىدە ئەسھابلارى كەننۇجۇم.
سەلاۋاتۇللاھى ئەلەيھى ۋەئەلا ئالىھى ۋە ئەسھابىھى ئەلا يەۋمىددىنى.

ئەمما بەئد: فۇقەرانىڭ گەدايى ۋە غەرايىب مەستۇرەلەرنىڭ چېھرەكۇشايى ئەل ـ فەقىرۇل ـ ھەقىر ئەلىشىرەل ـ مۇلەققەب بىن ـ نەۋائىي — غەففەرە زۇنۇبەھۇ ۋە سەتتەرە ئەييۇبەھۇ — مۇداغ ئەرز قىلۇر ۋە ئەداسىن ئۆزىگە فەرز بىلۇركىم، بۇ خاكسارۇ پەرىشان روزگار شەباب ئەۋانىنىڭ بىدايەتىدىن كۇھۇلەت زەمانىنىڭ نىھايەتىغەچە دەۋران ۋاقىئاتىدىن ۋە سىپىھرى گەردان ھادىساتىدىن ۋە دەھرى فىتنىئەنگىز بۇقەلەمۇنلۇغىدىن ۋە زەمانەئى رەڭ ئامىز گۇناگۇنلۇغىدىن، مۇددەتى مەدىد ۋە ئەھدى بەئىد ۋە ھەر نەۋئ شەق ۋە سۇرەتتە قەدەم ئۇردۇم.

① مەنىسىگە ئاساسەن «روشن» بىلەن «كلشن»نىڭ جۈملىدىكى ئورنى ئالماشتۇرۇلۇپ يەشمە قىلىندى.
② «قۇرئان كەرىم» سۈرە نەجم، 3 ـ، 4 ـ ئايەت.
③ ئالەم ئۈچۈن رەھمەت.

[ 6. ي ] ساھابىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشاشتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىگە تا قىيامەتكىچە ئاللانىڭ رەھمىتى يېغىپ تۇرغاي.

ئاللاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، ساھابىلىرىغا دۇرۇت ئادادىن كېيىن، پېقىرلارنىڭ گادىيى، غارايىب سىرلارنىڭ يۈزىنى ئاچقۇچى، پېقىر ۋە مىسكىن، نەۋائىي لەقەملىك ئەلىشىر — ئاللا گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، ئەيىبلىرىنى ياپقاي — مۇنداق ئەرز قىلىدۇ ۋە بۇنى ئېيتىشنى ئۆزىگە پەرز دەپ بىلىدۇكى:

بۇ ئەرزىمەس ۋە پەرىشان ھاياتىمدا كەمىنە بالىلىق پەيتلىرىنىڭ باشلىنىشىدىن تا قېرىلىق زامانىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆتكەن دەۋرلەر ۋەقەلىرىدىن، ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك ھادىسىلىرىدىن، پىتنە قوزغىغۇچى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىدىن ۋە زاماننىڭ رەڭۋازلىقىدىن كۆپ ۋاقىت ۋە ئۇزاق مۇددەت تۇرلۇك خىيال، تەرەددۇتلار بىلەن قاڭقىپ يۈردۈم.

[ 7. ت ] ۋە ھەر تەۋر ۋە ھەر سۇلۇك ۋە كىسۋەتدە يۈگۈردۈم ۋە ئۆزۈمنى ياخشى - يامان خىزمەتغە ۋە سۆھبەتغە يەتكۈردۈم ۋە گاھ مەزەللەت ۋەفەنا ۋەيرانىدا شۇن كۆرگۈزدۈم ۋە گاھى ئىززەت ۋە غىنا بوستانىدا ئەنجۇمەن تۈزدۈم. نەزم:

گەھى تاپتىم فەلەكدىن ناتەۋانلىق،
گەھى كۆردۈم زەماندىن كامرانلىق.
بەسى ئىسسىغ، ساۋۇق كۆردۈم زەماندا،
بەسى ئاچچىغ، چۈچۈك تاتتىم جەھاندا.

ئىفلاس ناتەۋانلىق ھەنگامىدا، يەئنى فەلاكەت، نامۇرادلىق ئەييامىدا ۋە گاھ ئىلىم مەدارەسەسىدە سەفى نەئالدا يەر تۇتتۇم ۋە ئۇلەما مەجالىسىدە ئۇلار قەدەمى يەتكەن يەرگە قەدەم ئۇرۇپ، ئىلىم نۇرىدىن كۆڭلۈمنى يارۇتتۇم.

[ 7. ي ] ھەر تەرز ۋە رەۋىشتە خىلمۇخىل يوللاردا يۈگۈردۈم، ئۆزۈمنى ياخشى - يامانىنىڭ خىزمىتىگە ۋە سۆھبىتىگە يەتكۈزدۈم. گاھىدا خارلىق ۋە ئۆلۈم خارابىسىدە نالە قىلدىم. گاھى ئىززەت ۋە باياشاتلىق بوستانىدا مەجلىس تۈزدۈم. نەزم:

بەزىدە پەلەكتىن بەختسىزلىك تاپتىم، بەزىدە زاماندىن مۇراد تاپتىم.
بۇ زاماندا نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى كۆردۈم،
جاھاننىڭ نۇرغۇن ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تېتىدىم.

بەزىدە خارلىق، ناتىۋانلىقتا، يەنى پالاكەت، نامراتلىقتا بەختسىز كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدۈم، بەزىدە ئىلىم - بىلىم مەدرىسلىرىدە ناھال شەكلىدىكى سەپتە ئورۇن تۇتتۇم ۋە ئالىملار مەجلىسىدە ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرگە قەدەم قويۇپ، ئىلىم نۇرىدىن كۆڭلۈمنى يورۇتتۇم.

[ 8. ت ] گاھى ئەتقىيا مەساجىدىدا ئۇلار قەدەمى يەتكەن يەرگە يۈز قويدۇم ۋە سەجدە كەسرەتىدىن ماڭلايىم تېرەسىن سۈيدۇم. گاھى سەفا خانەقاھى ئەھلى ئىبرىقىغە سۇۋ قۇيماق بىرلە ئەرجۇمەند

بولدۇم ۋە گاھى فەنا دەيرى سەبۇكەشلىكىدىن سەربەلەند بولدۇم. گاھى لەئىملەر ئالىدا خارلىق ۋە گاھى ئەرازىللار ئالىدا بىئېتىبارلىق دەست بەردى. گاھى ئىشق كويىدا بىباكلىق ۋە ئادەمىيكۇش پەرى چىھرەلەرگە ھەلاكەتلىك دەست بەردى ۋە گاھى جۇنۇن مەھەللىسىدە ئەرازىللار بويىنۇمغە سىللى ئۇردىلار ۋە ئەتفاللار باشىمغە تاش ياغدۇردىلار.

[ 8. ي ] بەزىدە تەقۋادارلارنىڭ مەسچىتلىرىدە ئۇلارنىڭ قەدەمى يەتكەن يەرگە يۈز قويدۇم ۋە سەجدىنىڭ كۆپلۈكىدىن پېشانەمنىڭ تېرىلىرىنى سۈيدۇم. گاھى پاكلىق خانىقاسى ئەھلىنىڭ ئۇزرىقلىرىغا سۇ قۇيۇش بىلەن ھۆرمەتكە ئېرىشتىم. گاھى پانىيلىق مەيخانىسىنىڭ ساقىيلىقىدىن ئابرۇي تاپتىم. بەزىدە پەسكەش، بېخىل كىشىلەر ئالدىدا خورلاندىم ۋە بەزىدە رەزىل - ناكەسلەر ئالدىدا ئېتىبارسىز بولدۇم. گاھى ئىشق كويىدا بىپەرۋالىق قىلىپ، جان ئالغۇچى پەرى يۈزلۈك گۈزەللەر تەرىپىدىن ھالاكەتكە ئۇچرىدىم. گاھى سەۋدايىلىق مەھەللىسىدە رەزىل كىشىلەر بوينۇمغا شاپىلاق ئۇردى، ئۇششاق باللار بېشىمغا تاش ياغدۇردى.

[ 9. ت ] گاھ شەھرىم ئەھلى ستەمىدىن غۇربەتكە تۇشتۇم ۋە غەرىب خەلايىققە قوشۇلدۇم. گاھ جىبال قۇللەسى ئارامگاھىم بولدى ۋە گاھ سەھرا ئېتەكى پەناھىم بولدى. گاھى بۇ شىددەتلەردىن ئەزمى ۋەتەن قىلدىم ۋە خۇمۇل زاۋىيەسىدە نەشىمەن قىلدىم ۋە گاھ غۇربەتدە ئەلىل ۋە غەرىب ئەلگە زەلىل بولدۇم. گاھ ئەزىزلەر خىزمەتىدىن ئۆزۈمنى بەھرىمەند قىلدىم ۋە سۆزۈمنى دىلپەسەند تاپتىم.
نەزم:

گەردۇن ماڭا گەر جەفاۋۇ دونلۇق قىلدى،
بەختىم كەبى ھەر ئىشتا زەبۇنلۇق قىلدى.
گەھ كام سارى راھنەمۇنلۇق قىلدى،
ئەلقىسسە، بەسى بۇقەلەمۇنلۇق قىلدى.

ئەمما، شۇغىل ۋە كامرانلىق چاغدا ۋە خەلق ھۇجۇمى بولغاندا.

[9. ي ] گاھى شەھرىم خەلقىنىڭ زۇلمىدىن مۇساپىر بولدۇم ۋە غېرىب خالايىققا قوشۇلدۇم. گاھى تاغ چوققىلىرى ئارامگاھىم بولدى، گاھى سەھرا ئېتىكى پاناھىم بولدى. گاھى بۇ قاتتىقچىلىقلارغا چىدىماي، ۋەتىنىمگە قايتتىم ۋە كىشىلەر بىلمەيدىغان خىلۋەتنى ماكان قىلدىم. گاھى غۇربەتچىلىكتە ئاجىز ۋە بىچارىلەر ئالدىدا خارلاندىم. گاھى ئۆزۈمنى ئەزىزلەر خىزمىتىدىن بەھرىمەن قىلدىم ۋە سۆزۈمنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتۈردۈم. نەزم:

پەلەك ماڭا بەزىدە جاپا سالدى ۋە پەسكەشلىك قىلدى،
بەختىمگە ئوخشاش ھەر ئىشتا ئاجىز ۋە تۆۋەن قىلدى.
بەزىدە ئىستەك - مەقسەت تەرەپكە باشلامچىلىق قىلدى،
قىسقىسى، ھېسابسىز رەڭۋازلىق قىلدى.

ئەمما، (بەزى) مەشغۇللۇق ۋە مۇراد تاپقان چاغلاردا، بەزى خالايىقنىڭ تۆھمەت ھۇجۇملىرىدا

(بولدۇم).

[ 10. ت ] ۋە گاھ ئەمارەت مەسنەدىدە ئولتۇردۇم ۋە ھۆكۈمەت مەھكەمەسىدە دادخاھلىق سۈردۇم ۋە گاھ پادىشاھلىق نەيابەتىدە شىۋەنى تەقەررۇب تۈزدۇم ۋە نەززارەگەر ئەلگە ئۆزۈمنى كۆرگۈزدۇم ۋە گاھ مەكرۇمەت ئەيۋانىنى مەكان قىلدىم. ئەكابىر ۋە ئەشرافنى تەئزىم يۈزىدىن مېھمان قىلدىم ۋە گاھ نىشات باغىدا بەزم تەرھى سالدىم ۋە ساقىي ۋە مۇترىب بەزم سەمائىدىن بەھرە ئالدىم ۋە گاھ سەلاتىن مۇخالەفەتلەرىدە ئەراغە كىردىم ۋە مۇنازەئەتلەرىن مۇۋافەقەتغە قەرار بەردىم. گاھ ھەرب مەئرەكەسىغە ئۆزۈمنى سالدىم ۋە جەھل ۋە نادانلىق تۆھمەتىن بوينۇمغە ئالدىم. گاھ خەيرات ئەھلىغە ئۆزۈمنى قاتتىم ۋە ھەر نەۋئى خەير بۇقئەلەرى تۈزەتتىم.

[ 10. ي ] گاھى ئەمىرلىك مەنسىپىدە ئولتۇرۇپ، ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە خەلقنىڭ ئەرز - دادىنى سورىدىم. گاھى پادىشاھ يېنىدا ئورۇنباسارلىق قىلدىم ۋە ماڭا ئۈمىد نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئەلگە مۇرۇۋۋەت كۆرسەتتىم. بەزىدە ئىززەت - ھۆرمەت ئايۋىنىنى ماكان قىلدىم، ئۇلۇغ كىشىلەرنى ۋە يۇقىرى مەنسەپ ئىگىلىرىنى ھۆرمەت - تەزىم يۈزىدىن مېھمان قىلدىم. بەزىدە شادلىق بېغىدا زىياپەت داستىخانلىرىنى سېلىپ، ساقىي، سازەندە ۋە ناخشىچىلارنىڭ ئويۇن - كۈلكە، ناۋاسىدىن بەھرە ئالدىم.

بەزىدە پادىشاھلارنىڭ ئىختىلاپلىرىدا، ئارىغا چۈشۈپ، ئىتتىپاقلىق ئورناتتىم. بەزىدە ئۇرۇش مەيدانىغا كىرىپ، جاھىل ۋە نادانلىق تۆھمەتلىرىنى بوينۇمغا ئالدىم. بەزىدە خەلق ئۈچۈن خەيرلىك ئىش قىلغۇچىلار قاتارىغا كىرىپ، ھەر خىل خەير - ئېھسان بىنالىرىنى ياساتتىم.

[ 11. ت ] ئانداغكىم، سەئيىمدىن رەباتلار بولدى ۋە ئاندىن مۇسافىرلارغە نىشاتلار بولدى. نەزم:

دىماغىمە تۈشۈبان كۆپ تەسەۋۋۇرۇ پىندار،
ئۆزۈمنى جاھۇ ئۇلۇغلۇققە ئەيلەدىم ئىزھار.

بۇ مۇقەددىماتدىن مەقسۇدى بۇكىم، ھەر كويدا يۈگۈرۈپمەن ۋە ئالەم ئەھلىدىن ھەر نەۋئ ئەلگە ئۆزۈمنى يەتكۈرۈپمەن. ياخشى ۋە يامانىنى ئەفئالىنى بىلىپمەن ۋە يامانۇ ياخشىنىڭ خىسلەتلەرىن تەجرىبە قىلىپمەن. خەير ۋە شەرلەردىن نۆش ۋە نىش كۆكسۈمگە يېتىپدۇر ۋە لەئىم ۋە كەرىم زەخم ۋە مەرھەمىن كۆڭلۈم دەرك ئېتىپدۇر ۋە زەمان ئەھلىدىن بەئزى ئەسھاب ۋە دەۋران خەيلىدىن بەئزى ئەھبابكى، بۇ ھاللاردىن خەبەرسىز ۋە

[ 11. ي ] تىرىشچانلىقىم نەتىجىسىدە تۈرلۈك قونالغۇ - سارايلار بەرپا قىلىندى. بۇنىڭدىن مۇساپىرلارغا شادلىق يەتتى. نەزم:

مېڭەمگە چوڭچىلىق ۋە مەغرۇرلۇق تەسەۋۋۇرلىرى كىرىۋېلىپ،
ئۆزۈمنى مەنسەپدار ۋە ئۇلۇغ قىلىپ كۆرسەتتىم.

بۇ مۇقەددىمىدىن مەقسەتلىرىم شۇكى، ھەر كويدا يۈردۇم؛ ئالەم ئەھلىدىن ھەر تۈرلۈك كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم؛ ياخشى - ياماننىڭ خۇي - ئەپئالىنى بىلدىم. ياخشى - ياماننىڭ خىسلەتلىرىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزدۈم. ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ شەربىتىنى ئىچىپ، زەھرىنى تېتىپ كۆردۈم. بېخىل ۋە پەسكەشلەرنىڭ زەخمىسىنى، ساخاۋەتلىك كىشىلەرنىڭ مەلھىمىنى كۆڭلۈم بىلىپ يەتتى.

زامان ئەھلىدىن بەزى ھەمسۆھبەتلىرىم ۋە دەۋران كىشىلىرىدىن ئايرىم دوستلىرىم بۇ ھاللاردىن خەۋەرسىز.

[ 12. ت ] كۆڭۈللەرى بۇ خەير ـ شەررىدىن ئەسەرسىز. نەزم:

نې بىلگەي ئول كىشىكىم، شەھدۇ مەينى تاتماپدۇر
كى ھەجرۇ ۋەسلى كەبى ئول چۆچۆكدۇرۇر، بۇ ئاچچىغ.
بىلۇر زەلىل مۇسافىركى، پۇيە ئەيلەردە،
قۇمۇ تۇزاڭۇ يۇمشاغ، خارەۋۇ قاتتىغ.

ۋە بۇ ئەسھابغە ۋە ئەھبابلارغە ئىنتىباھ قىلماق، ئۇلارنى بۇ ھاللاردىن ئاگاھ قىلماق ۋاجىب كۆرۈندى. ھەر تائىفە خىسالىدىن ۋۇقۇفلارى ۋە ھەر تەبەقە ئەھۋالىدىن شۇئۇرلارى بولغايكى، نامۇناسىب خەلق سۆھبەتىغە شىتاب قىلماغايلار ۋە نامۇناسىب ئەل خىزمەتىدىن ۋە سۆھبەتىدىن ئىجتىناب قىلغايلار. بەلكى ۋاجىب بىلگەيلەر.

[ 12. ي ] ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە بۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلاردىن تەسىرات يوق. نەزم:

ھەسەل بىلەن مەينى تېتىپ كۆرمىگەن كىشى، ھەسەلنىڭ ۋىسالدەك
تاتلىق، مەينىڭ ھىجراندەك ئاچچىق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلسۇن؟
بىچارە يولۇچى چۆل كەزگەندىلا دالا ـ تۈزدىكى قۇم ۋە تۇزانىنىڭ يۇمشاق ۋە تاشنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلىدۇ.

شۇ سەۋەبلىك، ھەمسۆھبەتلەرنى ۋە دوست ـ يارانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇ ھاللاردىن خەۋەردار قىلىشنى زۆرۈر تاپتىم. ئۇلارمۇ ھەر تائىپىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولسۇن ۋە ھەر تەبىقىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇم چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولسۇن. نامۇۋاپىق ئادەملەرنىڭ سۆھبىتىگە ئالدىرىمىسۇن، نامۇناسىپ كىشىلەرنىڭ خىزمىتىدىن ئۆزىنى تارتسۇن. بەلكى شۇنداق قىلىشنى زۆرۈر دەپ بىلسۇن.

[ 13. ت ] ۋە بارى ئەل بىلە مەخفى رازلارىن سۆز دېمەگەيلەر ۋە ھەر نەۋئ ئەل سۆھبەتى ۋە خۇسۇسىيەتىكى، ئۇلارغە ھەۋەس بولغاي ۋە بۇ فەقىرنىڭ تەجرىبەسى ئۇلارغە بەس بولغاي ۋە شەياتىن مىكر ـ فەرىبىدىن بازىي يېمەگەيلەر.

چۈن بۇ مەقالاتنىڭ قۇلۇبغە مەھبۇبلۇغى مەئلۇم بولدى. ئاڭا «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» نام نىسبەت قىلىندى. ئانى ئۈچ قىسىم قىلىندى ۋە بۇ فۇتۇلگەن فەۋايىدنىڭ كەيفىيەتى چۈن فىتىلدى.

ئەۋۋەلقى قىسىم سايىرۇن-ناسنىڭ ئەفئال ۋە ئەھۋالى(نىڭ) كەيفىيەتى؛ ئىككىنچى قىسىم ھەمىدە ئەفئال ۋە زەمىمە خىسال خاسىيەتى؛ ئۈچۈنچى قىسىم مۇتەفەررىقە فەۋايىد ئەمسال ۋە سۇرەتى.

ئۈمىد ئۇلكىم، چۈن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇر ۋەقتىدە

[ 13. ي ] كۆرگەنلا كىشىگە مەخپىي سىرلىرىنى دەپ يۈرمىسۇن. ھەر خىل ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىشنى ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەر بولسا، پېقىرنىڭ تەجرىبىسى ئۇلارغا يېتەرلىكتۇر. شەيتانلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىگە قايتا ئالدىنىپ قالمىسۇن.

دېمەك، بۇ ماقالىلىرىمنىڭ كۆڭۈللەرگە يېقىشلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، شۇڭا ئۇنىڭغا «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» (كۆڭۈللەر سۆيگىنى) دەپ ئات قويۇلدى ھە پۈتكەنلىرىمنىڭ پايدىسى ۋە

www.Nurkitap.com

تەسىرىگە قاراپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈندى:

بىرىنچى قىسىم، ھەر خىل ئادەملەرنىڭ پېئىل ـ ئەتۋارى ۋە ئەھۋالى توغرىسىدا؛

ئىككىنچى قىسىم، ياخشى قىلىق (ئەخلاق)نىڭ خاسىيىتى ۋە ناچار قىلىقلار توغرىسىدا؛

ئۈچىنچى قىسىم، تۈرلۈك ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە پايدىلىق مىساللار توغرىسىدا.

ئۈمىدىم شۇكى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان چاغدا بۇ ئەسەرگە دىققەت ـ

[14. ت] ئېتىبار كۆزى بىرلە نەزەر سالغايلار ۋە ھەرقايسىسى ئۆز فەھم ـ ئىدراكلارىغە كۆرە بەھرە ئالغايلار. فۇتۇكۇچىگە ھەم بىر دۇئا بىرلە بەھرە يەتكۇرگەيلەر. ئول دۇئادىن رۇھىنى سۆيۈندۇرگەيلەر.

## ئەۋۋەلقى قىسىم
## خەلايىق ۋە ئەفئال ۋە ئەھۋال ۋە ئەقۋالىنىڭ كەيفىيەتىدە

ئول قىرىق فەسلدۇر:

ئەۋۋەلقى فەسل، ئادىل سەلدتىن زىكرىدە؛ ئىككىنچى فەسل، ئىسلام پەناھ بەگ زىكرىدە؛ ئۈچۈنچى فەسل، نامۇناسىب نايىب زىكرىدە؛ تۆرتۈنچى فەسل، زالىم، جاھىل ۋە فاسىق پادىشاھ زىكرىدە؛ بەشىنچى فەسل، فاسىق ۋە بەدمەئاش، بەھادۇرلۇق لافىن ئۇرغانلار زىكرىدە؛ ئالتىنچى فەسل، يەساۋۇللار زىكرىدە؛ يەتتىنچى فەسل،

[14. ي] ئېتىبار كۆزى بىلەن نەزەر سالسۇن ۋە ھەرقايسىلىرى ئۆز پەم ـ ئىدراكلىرىغا يارىشا مەنپەئەت ئالسۇن؛ پۈتكۈچىگىمۇ بىر دۇئاسى بىلەن بەھرە يەتكۈزسۇن ۋە روھىنى شۇ دۇئاسىنىڭ پەيز ـ پۈتۈھى ئارقىلىق سۆيۈندۈرسۇن!

## بىرىنچى قىسىم
## كىشىلەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ۋە پېئىل ـ ئەتۋارى توغرىسىدا

بۇ قىرىق پەسلدۇر.

بىرىنچى پەسل، ئادىل پادىشاھلار زىكرىدە؛ ئىككىنچى پەسل، ئىسلام پاناھ بەگلەر زىكرىدە؛ ئۈچىنچى پەسل، لاياقەتسىز نائىبلار زىكرىدە؛ تۆتىنچى پەسل، زالىم، جاھىل (نادان) ۋە پاسىق پادىشاھلار زىكرىدە؛ بەشىنچى پەسل، ئەخلاقسىز، خاراكتېرى ناچار، ھەدېسىلا پالۋانلىقتىن لاپ ئۇرىدىغانلار زىكرىدە؛ ئالتىنچى پەسل، ياساۋۇللار زىكرىدە؛ يەتتىنچى پەسل،

[15. ت] ياساغلىق قارا چېرىك زىكرىدە؛ سەككىزىنچى فەسل، شاھ ئۇلۇسى ئۆزگە مۇشابىھ بولۇر زىكرىدە؛ توققۇزىنچى فەسل، شەيخۇل ـ ئىسلام زىكرىدە؛ ئونىنچى فەسل، قۇززات زىكرىدە؛ ئون بىرىنچى فەسل، مۇفتى ۋە فەتىھلەر زىكرىدە؛ ئون ئىككىنچى فەسل، مۇدەررىسلەر زىكرىدە؛ ئون ئۈچىنچى فەسل، ئەتىببا زىكرىدە؛ ئون تۆرتۈنچى فەسل، نەزم گۇلىستانىنىڭ خۇش نەغمە ـ نەۋا قۇشلارى زىكرىدە؛ ئون بەشىنچى (فەسل، كاتىبلار زىكرىدە؛ ئون ئالتىنچى (فەسل، دەبىرستان ئەھلى زىكرىدە؛ ئون يەتتىنچى فەسل، ئىماملار زىكرىدە؛ ئون سەككىزىنچى فەسل، ئىماملار ۋە مۇئەززىنلەر زىكرىدە؛ ئون توققۇزۇنچى فەسل،

[ 15. ي ] ياساغلىق قارا چېرىكلەر زىكرىدە؛ سەككىزىنچى پەسىل، پادىشاھ قانداق بولسا، پۇقرالىرىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقى زىكرىدە؛ توققۇزىنچى پەسىل، شەيخۇلئىسلام زىكرىدە؛ ئونىنچى پەسىل، قازىلار زىكرىدە؛ ئون بىرىنچى پەسىل، مۇپتى ۋە ئالىملار زىكرىدە؛ ئون ئىككىنچى پەسىل، مۇدەررىسلەر زىكرىدە؛ ئون ئۈچىنچى پەسىل، تېۋىپلار زىكرىدە؛ ئون تۆتىنچى پەسىل، نەزمە گۈلىستانىنىڭ خۇش نەغمە ـ ناۋا قۇشلىرى زىكرىدە؛ ئون بەشىنچى پەسىل، كاتىپلار زىكرىدە؛ ئون ئالتىنچى پەسىل، مەكتەپ ئەھلى زىكرىدە؛ ئون يەتتىنچى پەسىل، ئىماملار زىكرىدە؛ ئون سەككىزىنچى پەسىل، مەزىنلەر زىكرىدە؛ ئون توققۇزىنچى پەسىل،

[ 16. ت ] ھۇففازلار زىكرىدە؛ يىگىرمىنچى فەسل، مۇترىب ۋە مۇغەننىي زىكرىدە؛ يىگىرمە بىرىنچى فەسل، قىسسە ساز ۋە قىسسەخان زىكرىدە؛ يىگىرمە ئىككىنچى فەسل، نەسىھەت ئەھلى — ۋائىزلار زىكرىدە؛ يىگىرمە ئۈچىنچى فەسل، ئەھلى نۇجۇم زىكرىدە؛ يىگىرمە تۆرتىنچى فەسل، تىجارەت ئەھلى زىكرىدە؛ يىگىرمە بەشىنچى فەسل، شەھەردە ئېلىپ ساتقۇچىلار زىكرىدە؛ يىگىرمە ئالتىنچى فەسل، بازار كاسىبلارى زىكرىدە؛ يىگىرمە يەتتىنچى فەسل، سايىر ھۈنەرۋەر ۋە سەنئەتپەرداز زىكرىدە؛ يىگىرمە سەككىزىنچى فەسل، شەھنە ۋە زىندانىي ۋە ئەسەسلەر زىكرىدە؛ يىگىرمە توققۇزىنچى فەسل، دېھقانچىلىق زىكرىدە؛ ئوتتۇزىنچى فەسل، يەتىم ۋە لەئىملەر زىكرىدە؛

[ 16. ي ] ھاپىزلار زىكرىدە؛ يىگىرمىنچى پەسىل، سازاندە ۋە ناخشىچىلار زىكرىدە؛ يىگىرمە بىرىنچى پەسىل قىسسە ـ داستانچىلار زىكرىدە؛ يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل، نەسىھەت ئەھلى — ۋائىزلار زىكرىدە؛ يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل، مۇنەججىملەر (يۇلتۇزشۇناسلار) زىكرىدە؛ يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل، تىجارەت ئەھلى زىكرىدە؛ يىگىرمە بەشىنچى پەسىل، شەھەردە ئېلىپ ـ ساتقۇچىلار زىكرىدە؛ يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل، بازار كاسىپلىرى زىكرىدە؛ يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل، سەييارە ھۈنەرۋەنلەر ۋە سەنئەتكارلار زىكرىدە؛ يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل، پاسىبان، مەھبۇس ۋە مىرشەپلەر زىكرىدە؛ يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل، دېھقانچىلىق زىكرىدە؛ ئوتتۇزىنچى پەسىل، يېتىملەر ۋە خەسىسلەر زىكرىدە؛

[ 17. ت ] ئوتتۇز بىرىنچى (فەسل)، غەرىبزادەلەر زىكرىدە؛ ئوتتۇز ئىككىنچى فەسل، مۇبرىم ـ گەدالار زىكرىدە؛ ئوتتۇز ئۈچىنچى فەسل، قۇشچى ـ سەييادلار زىكرىدە؛ ئوتتۇز تۆرتۈنچى فەسل، تەربىيەت تاپىپ ھەرامنەمەكلىك قىلغان نەۋكەرلەر زىكىدە؛ ئوتتۇز بەشىنچى فەسل، كەدخۇدالىق زىكرىدە؛ ئوتتۇز ئالتىنچى فەسل، رىيايى مەشايىخلار زىكرىدە؛ ئوتتۇز يەتتىنچى فەسل، خەرابات ئەھلى زىكرىدە؛ ئوتتۇز سەككىزىنچى فەسل، دەرۋىشلەر زىكرىدە......

## ئەۋۋەلقى فەسل

## ئول ئادىل سەلاتىن زىكرىدە

ئادىل ۋە ئاقىل پادىشاھ ئىبادۇللاھغە زىللۇللاھ. خىلافەت مۈلكى ئانىڭ فەرمانىدا، «ئىننى جائىلۇن فىل ـ ئەرز خەلىفە» ئانىڭ شەئنىدە.

[ 17. ي ] ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل، غېرىب ـ غۇرۋالار زىكرىدە؛ ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل، تىلەمچى ـ سائىللار زىكرىدە؛ ئوتتۇز ئۈچىنچى پەسىل، قۇشچى ـ ئوۋچىلار زىكرىدە؛ ئوتتۇز تۆتىنچى پەسىل، پەرۋىشكارىغا تۇزكورلۇق قىلغان نۆكەرلەر زىكرىدە؛ ئوتتۇز بەشىنچى پەسىل، ئۆي ـ ئوچاقلىق ئەر زىكرىدە؛ ئوتتۇز ئالتىنچى پەسىل، رىياكار شەيخلەر زىكرىدە؛ ئوتتۇز يەتتىنچى پەسىل،

مەيخانا ئەھلى زىكرىدە؛ ئوتتۇز سەككىزىنچى پەسىل، دەرۋىشلەر زىكرىدە ...

## بىرىنچى پەسىل
## ئادىل پادىشاھلار زىكرىدە

ئادىل ۋە ئاقىل پادىشاھ ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرى ئۈستىگە چۈشكەن سايىسىدۇر، شاھلىق سەلتەنىتى ئۇنىڭ پەرمانىدا. ئاللانىڭ «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە يارىتىمەن» دېگەن سۆزى شۇنىڭ شەنىدىدۇر.

[ 18. ت ] ئادىل پادىشاھ رىئايەتى تەئرىپىدىن بىيىكرەكدۇر، «ۋەلەدەت فى زەمىنى سۇلتانى» ئاندىن خەبەر بېرىدۇر. ئۇلكى، ئانىڭ زاتى بىرلە مۇباھىدۇر. كەۋنەين دەپدۇرلاركى، «ئەدلۇن سائەتەن خەيرۇن مىن ئىبادەتىس ـ سەقەلەين».

پادىشاھى ئادىل ھەقدىن خەلايىققە رەھمەتدۇر ۋە مەمالىككە مۇجىبى ئەمنىيەتدۇر. قۇياشدەك ئەبرى بەھارى بىلە قارا تۇفراقدىن گۇللار ئاچار ۋە مۇلك ئەھلى باشىغە ئالتۇن بىلە دۇرلار ساچار. فۇقەرا ۋە ناتەۋانلار ئانىڭ رەفىق مەداراسىدىن ئاسۇدە، زالىم ۋە ئەۋانلار ئانىڭ تىغى سىياسەتىدىن فەرسۇدە. ھەراسەتىدىن قويلار بۆرى خەۋفىدىن ئەمىن.

[ 18. ي ] ئادىل پادىشاھنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسى ئۇنىڭ تەرىپ ـ تۆسىپىدىن بۈيۈكرەكتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن ئادىل پادىشاھ زامانىدا دۇنياغا كەلدىم» دېگەن سۆزى شۇنىڭدىن بېشارەتتۇر. دېمەك، ئادىل پادىشاھ پەخىرلىنىشكە لايىقتۇر. شۇڭا، ئىككىلا ئالەمنىڭ پەخرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «بىر سائەت قىلىنغان ئادىللىق ئىنسان ۋە جىننىڭ ھەرقانداق تائەت ـ ئىبادىتىدىن ياخشىراقتۇر» دېگەن.

ئادىل پادىشاھ ئاللانىڭ خالايىققا كۆرسەتكەن مەرھەمىتىدۇر، مەملىكەت ئۈچۈن تىنچلىق ۋە پاراۋانلىق سەۋەبچىسىدۇر.

(ئادىل پادىشاھ) قۇياش بىلەن باھار يامغۇرىدەك قارا تۇپراقتىن گۇللەر ئېچىلدۇرىدۇ، مەملىكەت خەلقىنىڭ بېشىغا ئالتۇن بىلەن دۇرلار چاچىدۇ. پۇقرالار ۋە ناتىۋانلار ئۇنىڭ مۇلايىم، دوستانە مۇئامىلىسىدىن راھەتتە، زالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى ئۇنىڭ سىياسەت تىغىدىن قورقۇنچ ئىچىدە، سۈرىدىن قويلار بۆرە خەۋپىدىن ئەمىن.

[ 19. ت ] ۋە سىياسەتىدىن مۇسافىر قاراقچى ۋەھمىدىن مۇتئەمىن. رافەتىدىن ھەر مەكتەبدە ئەتفاللار غەۋغاسى ۋە خىلافەتىدىن زۇئەفا ھىمايەتىدە ئالارنىڭ ئەلالاسى، ھەيبەتىدىن يوللار قاراقچىدىن خالى ۋە قول تولا ئۇلۇس مالى، زەبتىدىن ئەلەمدار قەلەمى سىنۇق ۋە ستەھكارلار ئەلەمى يىقۇق. جىددىدىن مەساجىد ئەھلى مەملۇ ۋە مەدارىس بەھس ۋە جەدەل خەيلىدىن غۇلۇۋ. قىساسى تىغىدىن ئوغرى ئىلكى ئەل مالىدىن كوتاھ، ئىنتىقامى بىيمىدىن قەتائۇت ـ تەرىق ھالى ئەدەم بەيابانىدا تەباھ. تونلەر دۇكانلاردا سودا ئۈچۈن شەمئ ۋە ئەۋباش كوچە گەشتىدىن كوڭۇللەرى جەمئ.

[ 19. ي ] سىياستى ئاستىدا يولۇچى ـ مۇساپىرلار قاراقچى ۋەھىمىسىدىن خاتىرجەم. مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن باللار مەكتەپلەردە خۇشال ـ خۇرام، ھىمايىتىدىن زەئىپ بىچارىلەر ئەركىن ـ ئازادە. ھەيۋىتىدىن يوللار قاراقچىدىن خالىي، خالايىقنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ، زەپتىدىن ئەلەمدارلارنىڭ قەلىمى سۇنۇق، ستەمكارلارنىڭ ئەلىمى (بايرىقى) يىقىق. تىرىشچانلىقىدىن مەسچىتلەر جامائەتكە تولغان، مەدرىسىلەردە ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەر قاينىغان. قىساس تىغىدىن ئوغرىلارنىڭ قولى ئەل مېلىدىن نېرى، ئىنتىقام خەۋپىدىن قاراقچىلارنىڭ يوقلۇق باياۋىنىدا خارابتۇر ھالى. سودا ئۈچۈن

دۇكانلاردا تۈن بويى چىراغ ئۆچمەيدۇ، ئېلىم - سېتىم قىلغۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىرى كوچا - كويلاردا لاغايلاپ يۈرگەن باشباشتاقلاردىن غەم يېمەيدۇ.

[ 20. ت ] شامدىن تا سەھەر خانەقاھلار ئىشىكى ئاچۇق ۋە خىلۋەتلەر ئىبادەت نۇرىدىن يارۇق. شەھەردە كويلار پاسىبانى ئول ۋە يازىلاردا قويلار شەبانى ئول. رەئىييەتغە سەرا ۋە باغۇ راغ ئاندىن مەئمۇر ۋە سىپاھىغە كامى دىماغ ئاندىن مەۋفۇر.

كېچەلەر ئەر ۋە زۇئەفا ئىشى ئۇرغۇشتەك ۋە كۈندۈز ئەتفال ۋەرزىشى ئاق سۆڭەك. ئۇجۇزەلەر چەرخى ئۇنى مەددى نالەسى بىرلە ئانىڭ دۇئاسىغە نەغمە ساز ۋە كەنىزەكلەر ماۋۇق سەباماق كۈيى ئۇنى بىلە ئانىڭ ئالقىشىغە نەغمە پەرداز. فۇقەرا ئىشى ئاڭا ھەم دۇئا ھەم نازىش، ئانىڭ دەئبى فۇقەراغە ھەم نەۋازىش.

ئاچلار غىزاسى بەزل ۋە ئەتاسى خانىدىن

[ 20. ي ] شامدىن تا سەھەرگىچە مەسچىت - خانىقالارنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، خىلۋەتخانىلار ئىبادەت نۇرىدىن يورۇق. شەھەردە كوچىلارنىڭ پاسىبانى ئۇ، يېزىلاردا قويلارنىڭ چوپانى ئۇ. پۇقرالارنىڭ ھويلا - باغلىرى ئۇنىڭ شاراپىتىدىن ئاۋات، سىپاھلىرى ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يەتكەنلىكى بىلەن ئۇنىڭدىن شاد. (ئادىل پادىشاھنىڭ شاپائىتىدىن) كېچىلىرى ئەر - ئاياللار كۆڭۈل بەزمىسى بىلەن ياشنايدۇ. كۈندۈزى باللار بىمالال ئوشۇقلىرىنى ئوينايدۇ. مومايلار يىپ ئېگىرگەندە، چاق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ. قىز - چوكانلار پاختا ساۋىغاندا، ساۋاغ ئاۋازىغا جور قىلىپ قوشاق قېتىپ، ئۇنى ئالقىشلايدۇ. پۇقرالارنىڭ ئىشى — ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ھەم ئەركىلەش؛ ئادىل پادىشاھنىڭ ئادىتى — پۇقرالارغا سېخىيلىق بىلەن مېھرىبانلىق كۆرسىتىش.

ئاچلارنىڭ غىزاسى ئادىل شاھنىڭ ھەدىيە ۋە مەرھەمەت داستىخىنىدىن؛

[ 21. ت ] ۋە يالاڭاچلار لىباسى ئانىڭ خەزانەئى لۇتف - ئېھسانىدىن. مۈلك باغىنى مەئمۇر قىلۇرغە ئەبرى سىيراب، مۈلك ئەھلى كۆزىن يارۇتۇرغە مېھرى جەھانتاب ۋە ئۆزگە مۈلكنىڭ رەئايا - خەلقى ئانىڭ ئارزۇسىدا ۋە يەنە كىشۋەر مەزلۇملارى ئانىڭ ئەدلى دۇئاسى گۇفتۇگۇيىدا. ياخشى ئاتىغە ئۇلەمالار ئىشى رەسايىل تەرتىبى ۋە ياخشى سىفاتىغە شۇئەرا ۋەرزىشى قەسايىد تەركىبى، مۇغەننىلەر ئىشتىغالى سەناسى ئۈچۈن سۇرۇد تۈزمەك ۋە مۇسەننىفلەر مەقالى دۇئاسى ئاھەڭىدە نەغمە كۆرگۈزمەك ۋە خەلق رىزاسىدىن ھەق رىزاسىغە تالىب ۋە دادخاھ سوراردا سوراغ كۈنى ۋەھمى كۆڭلىگە غالىب.

[ 21. ي ] يالىڭاچلارنىڭ لىباسى ئۇنىڭ ئىنئام - ئېھسان خەزىنىسىدىن. ئۇ (ئادىل پادىشاھ) مەملىكەت بېغىنى ئاۋات قىلىدىغان يامغۇرلۇق بۇلۇت. مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆزىنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق قۇياش. شۇڭا، ئۆزگە مەملىكەتنىڭ خەلقى ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قىلىشىدۇ. ئەللەرنىڭ مەزلۇملىرى ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىنى دۇئا بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. ئالىملار ئۇنىڭ ياخشى نامىنى تەرىپلەپ رىسالىلەر يازىدۇ، شائىرلار ئۇنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىنى مەدھىيىلەپ شېئىر - قەسىدىلەر پۈتىدۇ. سازەندىلەر ئۇنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتىدۇ، يازغۇچىلار ئۇنىڭغا ياخشى تىلەك ۋە دۇئا ئاھاڭىدا نەغمە - ناۋا تۈزۈپ ماقالە يازىدۇ.

ئۇ ئادىل پادىشاھ خەلقنى رازى قىلىش ئارقىلىق ھەقتائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدۇ؛ كىشىنىڭ ئەرز - دادىنى سورىغاندا، ئاخىرەتتىكى سوراقنىڭ ۋەھىمىسى كۆڭلىدە كۈچلۈك بولىدۇ. **نەزم:**

[ 22. ت ]

ئۇلۇس پادشاھىيۇ دەرۋىشۋەش،
ئاڭا شاھلىقدىن كېلىپ فەقر خەش.

جەھاندارلارغە سىپىھر ئىشتىباھ،
ۋەلې ئەھلى فەقر ئالىدا خاكى راھ.
جەھان مۈلكى ئالىدا خاشاكچە،
ۋەلې بىر كۆڭۈل مۈلكى ئەفلاكچە.
بارى بىنەۋالار نەۋاسازى ئول،
ھەمۇل نەۋئىكىم، شاھ ئەبۇلغازى ئول.
كېلىپ ئەينى ئىنسانۇ ئىنسانى ئەين،
جەھان ۋارىسى شاھ سۇلتان ھۆسەين.
كى تا بولسە گەردۇنغە دەۋۋارلىق،
ئاڭا باقىي ئولسۇن جەھاندارلىق.
ۋەلې خەلق بۇ شەھدىن ئولسۇن نىشات،
دەمى بولماسۇن خالى ئاندىن بىسات.

## ئىككىنچى فەسل
## ئىسلامپەناھ بەگ زىكرىدە

مۇنداغ پادىشاھغە مۇسۇلمان بەگ
[ 22. ي ] ئۆزى پادىشاھ، لېكىن دەرۋىش سۈپەت، شۇڭا ئۇ شاھلىقتىن كۆرە پېقىرلىقنى خۇش كۆرىدۇ.
ئۆزىنى جاھاندارلار ئالدىدا ئاسمان بىلەن، پۇقرالار ئالدىدا يولدىكى توپراق بىلەن تەڭ كۆرىدۇ.
جاھان مەملىكەتلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا خەس ـ خەشەك بىلەن تەڭ؛ لېكىن بىر كۆڭۈلنىڭ مەملىكىتى بولسا ئاسمان بىلەن تەڭ.
ئۇ بارلىق بىچارىلەرنىڭ غەمخورى، شاھلىقتا بولسا، گويا شەۋكەتلىك ئەبۇلغازى[①].
جاھاننىڭ ۋارىسى — شاھ سۇلتان ھۆسەين ئىنسانلارنىڭ كۆزى، ھەقىقىي ئىنسان.
ئاسمان ـ پەلەك ئايلىنىپ تۇرىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا پادىشاھلىق مەڭگۈلۈك بولسۇن.
بۇ شاھتىن خالايىققا شادلىق يەتسۇن، يەرۇجاھان ـ ھايات ئۇنىڭدىن ئەسلا خالىي بولمىسۇن.

## ئىككىنچى پەسل
## ئىسلامپاناھ بەگلەر زىكرىدە

مۇنداق (ئادىل) پادىشاھقا مۇسۇلمان بەگ
[23. ت ] نەبىي خىزمەتىدە تۆرتىنىڭ بىرىدەك. نامۇرادلار پەناھى ۋە پادىشاھلارنىڭ دەۋلەتخاھى. شاھغە دۇنيادا چىن دېگۈچى ۋە ئانىڭ ئاخىرەتى غەمىن يېگۈچى. يامانلار ئاندىن ھەراسان ۋە پاخشىلار دۇشۋارلىغى ئاندىن ئاسان. ئەل مالى تەمەئى كۆڭلىدە نابۇد ۋە ئەيالى خەيالىدىن زەمىرىدە نامەۋجۇد. مۇرادى رىئايا ئەمنىيەتى ۋە مەقسۇدى بەرايا جەمئىيەتى. ئول مۇسۇلمانلارغە رىزا جوي ۋە

① ئەبۇلغازى — ھۆسەيىن بايقارانىڭ لەقىمى.

مۇسۇلمانلار ئاڭا دۇئاگوي. ئۆزىنىڭ زاتى تۈزۈك ۋە سەئيى شاھ ئىشكىدە تۈزۈكلۈك.
شاھ ئىشكى مۇنداق بەگدىن خالى بولماسۇن، دەۋلەت ئاندىن ئۆزگەگە ئىنتىقالى بولماسۇن.

## ئۈچىنچى فەسل
## نامۇناسىب نايىب زىكرىدە

[23. ي ] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدىكى تۆت كىشىنىڭ (چاھارىيارنىڭ) بىرىدەك.
بەگ نامرات ـ بىچارىلەرنىڭ پاناھى ۋە پادىشاھلار ئۈچۈن دۆلەتنىڭ خەيرخاھى. ئۇ شاھقا بۇ دۇنيا ھەققىدە چىن (راست) سۆز دېگۈچى ۋە شاھنىڭ ئاخىرەت غېمىنى يېگۈچى. ئۇنىڭدىن يامانلارنىڭ كۆڭلى ۋەيران، ياخشىلارنىڭ مۇشكۇلى ئاسان. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەل مېلىغا تەمە يوق، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئوي خىيالىغا ئورۇن يوق. مۇرادى پۇقرالارنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى، مەقسىتى، خەلق ـ جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقى. ئۇ ھەمىشە مۇسۇلمانلارنى رازى قىلىشنى ئويلايدۇ. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئالىرىنى ئايىمايدۇ. ئۆزىنىڭ زاتى ئېسىل ئەسلىدە، قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ياخشىلىق شاھ ئىشكىدە.
شاھ ئىشكى مۇنداق بەگدىن خالىي بولمىسۇن، دۆلەت ئاسمىنىدا بۇنداق بەگلەرنىڭ ئۆمرى قۇياشى زاۋال تاپمىسۇن.

## ئۈچىنچى پەسل
## نامۇناسىپ نايىب زىكرىدە

[24. ت ] يالغانچى خۇدنەما نايىب نىسبەتى مۇسەللەمەئى كەزاب مىللەتى، نۇبۇۋۋەت تۆھمەتىن بوينىغە ئالغان ۋە جىبرەئىل ۋەھيىدىن دېگەنى بارى يالغان. مۇڭا ھەم شاھ خۇسۇسىيەتى ئىزھارى غەيرى ۋاقىئ ۋە يالغان بارى. يالغان ھۆكم يەتكۈرۈرگە بائىس تەمەئى شۇم، ئۆسرۈك پەرۋانە يەتكۈرۈرگە سەبەب ھەرىسى مەزمۇم. نېمە ئالۇردا يالغان ئاڭا چىن ئورنىغە ۋە مۇسۇلمانلارغە نۇقسان ئاڭا دىن ئورنىغە. ئايتغانى يالغان چىن دېمەكى مەھال، رىشۋەت ئالۇردا ئۆزگە سۆز دەپ، ئەمما كۆڭلىدە ئۆزگە خەيال. مۇنداغ نايىبكى، بىر بولغاي فېئلىيۇ قەۋلى، شاھ ئىشكىدە گۇم بولغانى ئەۋلى.
[24. ي ] يالغانچى، شۆھرەتپەرەس نايىبلارمۇ سەللەئى كاززاپ گۇرۇھىغا تەۋە. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرمەن دەپ دەۋا قىلىشى، ئاللانىڭ جەبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن ئەۋەتكەن ۋەھيىلىرىنىلا سۆزلەۋاتىمەن، دېگەنلىرى پۈتۈنلەي يالغان.
شۇنىڭدەك، شاھتا بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرنى بايان قىلىپ دېگەن ـ ئېيتقانلىرىنىڭمۇ ھەممىسى يالغان.
ئۇنىڭ يالغان ھۆكۈم يەتكۈزۈشىگە سەۋەب شۇم تەمەيى، ساختا پەرمان يەتكۈزۈشىگە سەۋەب ئاچ كۆزلۈكى. بىرنېمە ئالماقچى بولسا، چىن ئورنىغا يالغان سۆزلەيدۇ، دىن ئورنىغا مۇسۇلمانلارغا زەرەر يەتكۈزۈشنى قويىدۇ. ئېيتقانلىرى يالغان، چىن سۆزلىشى قىيىن، پارا ئالغاندا باشقىچە سۆزلەيدۇ يۇ، كۆڭلىدە باشقىچە خىيال سۇرىدۇ. سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىر بولمىغان بۇنداق نايىبلارنىڭ شاھ ئىشكىدىن يوقالغىنى ئەلادۇر.

# «مەھبۇبۇل - قۇلۇب»نىڭ قولىيازما نۇسخىسى


1


2


3


4

سرا و اثر طایر سدره نشین براق برق کامی
وسایر روح الامین پیک علوی خرامی افلاک
شبستانی یوزی بهاریدین روشن و ملایکه لار
عیونی رخشی غباریدین کاشن کلامی شانیدا و ما
ینطق عن الهوی و نطق بیانیدا ان هو وحی یوحی
اسرار الهی غه ذاتی امینی عنایت نامتناهی غه
اتی رحمة للعالمین نظم ایکی گیسوی ایکی لیلة القدر
بو نکلع ایکی لیل الحه یوزی بدر بو لیل بدر اولوب
شمع شبستانی عذاریدین خوی اندا کوکبستان
بو کوکب لاری ذاتیدا [illegible] سری موجود نبوت معتبر غه
در مقصود نبوت سپهریدا قویاش ایرکانی معلوم

مصاحب

5

مصاحب لاری شانیدا اصحابی کالنجوم صلوات
الله علیه وعلی اله واصحابه الی یوم الدین
فقرا نینگ که ابی دغرا ابیستوره لارنینگ جبهه کشای
الفقیر الحقیر علی شیر ملقب بالنوائی غفر ذنوبه وستر
عیوبه مونداغ عرض قیلور و اداسین اوزریکا فرض
بیلور کیم بو خاکسار پریشان روزگار شباب
اوانی نینگ بدایتی دین کهولت زمانی نینگ
نهایتی غچه دهر ان واقعاتیدین و سپهر گردان
حوادثاتیدین و هر فتنه انگیز بوقلمون لوغیدین
و زمانه رنگ آمیز گوناگونلوغیدین مدتی
مدیده و عهد بعیده و هر نوع شق و صورتدا قدم اوردوم

6

و هر طور و هر سلوک که کوتدا یوکوردوم و اوزوم نی
بخشی بیان خدمتیغه و صحبتیغه تیکوردوم و کاه دولت
وغنا ویرانیدا شیون کور کوردوم و کاهی عزت
وعنا بوستانیدا انجمن توزدوم نظم کهی تا تم
فلک دین ناتوانلیق کهی کوردوم زمانه دین
کامرانلیق نبی ایسیغ ساوق کوردوم زمانه دا :
نبی اچیغ چوچوک تاتیم جهاندا افلاس ناتوانلیق
نکامیدا ایغ خاکات نامرادلیق ایامیدا و کاه
علم مدارسیدا صف نعال تیر توتتوم و علما
مجالسیدا اولار قدی نیکان یرکا قدم اوروب
علم نوریدین کونکلومنی یاروتتوم کاهی اتقیا

مساجدیدا

7

مساجدیدا اولار قدمی تیکان یرکا یوز قویدوم
و سجده کثرتیدین مانکلایم تره سین سیدوم
کاهی صفا خانقاه اهلی ابریقی غه سو قویماق برله
برله ارجمند بولدوم و کاهی فنا دیر سبوکش
لیکی دین سربلند بولدوم کاهی لئیم لار الیدا
خارلیق غه کاهی ارازل لار الیدا بی اعتبار
لیق دست بردی کاهی عشق کوییدا بی باک
لیق وادی کش بری جدره لارکا هلاکت
لیک دست بردی و کاهی جنون خلسیدا
ارازل لار لومیومغه سلی اوردیلار و اطفال
لار بالشیمغه تاش یاغدوردیلار کاهی شیدیم ا

8

www.uyghurkitap.com
كىتاب نۇر بىلىكى

ایلی ستمیدین غربت کا توشتوم و غریب جلایوغه
توشولدوم کاهی جبال قله سی آرام گاهیم بولدی
و کاهی صحرا ایتاکی نا هم بولدی کاهی بوشت
لاردین عزم وطن قیلدیم و خمول زاویه سیدا
نشیمن قیلدیم و کاهی غربت دا علیل و غریب ایلکا
ذلیل بولدوم کاهی عزیزلار خدمتیدین اوزومنی
بهره مند قیلدیم و سوزومنی دلپسند ایتتیم
نظم گردون مکار جفا و دونلوق قیلدی بخت
کجی هر ایشدا زبونلوق قیلدی که کام ساری
راه نمونلوق قیلدی القصه بو تلمونلوق قیلدی
اما شغل و کار ائلنق جاعیدا و خلق بحوے
اولنی عیدا

9

بولغانیدا و کاهی امارت مسندیده اولتوردوم
حکومت محکمه سیدا دادخواهلیغ لسوددوم و کاهی
پادشاهلیغ نیابتیدا تشیون تقرب توزدوم و نظاره
ایلکا اوزومنی کورگوزدوم و کاهی ملازمت ایوانین
مکان قیلدیم اکابر و اشراف تعظیم یوزیدین
مهمان قیلدیم و کاهی نشاط باغیدا بزم طرح سالدیم
و ساقی و مطرب بزم سماعیدین بهره آلدیم و کاهی
سلاطین مخالفتلاریدا اراغه تیز دیدیم و منازعتلاریدین فقت موا
غه قرار بیردیم و کاهی حرب معرکاسیغه اوزومنی سالدیم
و جهل و ندانلیق تمتین بو نیومعه آلدیم و کاهی خیرات
اهلیغه اوزومنی قاتتیم و هر نوع خیر بقعه لاری توزاتتیم

10

انداغکیم سعیمدین رباطلار بولدی و اندین مسافر
لار نشاطلار بولدی نظم جاغیم توشوبان کونکول تصوریدا
پندار اوزومنی جاه اولوغلوقیغه ایلادیم اظهاری
بو مقدماتدین مقصودی بو کیم حکم کوپ ایرنکوروب
و عالم اهلیدین هر نوع ایلکا اوزومنی تیلوروب
بخشی و یامانی افعالینی بیلیبمن و یمان و بخشی
نینک خصلتلاریدین تجربه قیلیبمن خیر و
شرلاردین نوش و نیش کوکسومکا تیب
دور و لئیم و لسیم زخم و مرهمین کونکلوم درک
ایتیب دور و زمان اهلیدین بعضی اصحاب
و دوران خیالیدین بعضی اخبار که بو حاللاردین خبرسیز و
کونکول لاری

11

کونکل لاری بو خیر و شردین اثرسیز و تخلیم
نه بیلگای اول کیشیکیم شهدینی تاتمابدور که بحر
وصل کیبی اول جوجوکدور بوا جعخ هلوز ذلیل
مسافر که بو یه ایلاردا قوتوم توزانگ یومشاغ
خاره دا قاتتیغ و ابو اصحاب و احباب لاریغه
نتباه قیلماق اولارنی بو حاللاردین آگاه قیلماق
واجب کوروندی که هر طائفه خصالیدین و توقلاری
و هر طبقه احوالیدین شعورلاری بولغای که
نامناسب خلق صحبتیغه شتاب قیلماغایلار
و نامناسب ایل خدمتیدین و صحبتیدین اجتناب
قیلغایلار بلکه واجب بیلکایلار و باری ایل بیله

12

مخفی رازلارین سوزدیم کاکیلار و هر نوع اهل صحبتی
وخصوصیتی کە اولارغە هوس بولغای و بو فقیر
نینک تجربەسی اولارغە سبب بولغای و شیاطین مکر
فریبی و دن بازی یاکا کیلار جون بو مقالات نینک
قلوبیغە محبوب لوغی معلوم بولدی انکا محبوب
القلوب نام نسبت قیلندی انی اوچ قسمغە قیلندی
و بو فتوقلکان فواید نینک کیفیتی جون قیلندی
اولقی قسم برالناس نینک افعال و احوالی
کیفیتی ایکنجی قسم حمیدە افعال و ذمیمە خصال
خاصیتی اوچونجی قسم متفرقە فواید و امثال و ضو
امید او لکیم جون اوقوغوجی لار او قور و تحت دا

اعتبار

13

اعتبار کوزی برلە نظر سالغایلار و هر قیسی اوز فهم
و ادراکلاریغە کورا بهرە الغای لار و فتوقلوجیکا هم بر دعا
برلە بهرە تیلکوکای لار اول عادین و حینی سیوخ
دور کا یلار اولقی قسم خلایق و افعال و احوال
و اقوال نینک کیفیتی دا اول قرق فصل دور اولقی
فصل عادل سلاطین ذکریدا ایکنچی فصل
اسلام پناه بیک فی ذکریدا اوچونچی فصل نامناسب
نایب فی ذکریدا تورتونچی فصل ظالم جاهل فاسق
پادشاه ذکریدا بشنچی فصل فاسق و بدمعاش
بهادرلوق لاف این اورغان لار ذکریدا التنجی
فصل [illegible] لار ذکریدا یتنجی فصل [illegible] تعلیق

14

خواجەبیک ذکریدا سکزنجی فصل شاه اوکوی
اوزیکا مشابە بولور ذکریدا توقوزونجی فصل
شیخ الاسلام ذکریدا اونونجی فصل قضات
ذکریدا اون برنجی فصل مفتی و فقیەلار ذکریدا
اون ایکنجی فصل مدرسلار ذکریدا اون
اوچونجی فصل اطبا ذکریدا اون تورتونجی فصل
نظم کلستانی نینک خوش نغمە نواقوشلاری
ذکریدا اون بشنجی کاتبلار ذکریدا اون التنجی
ودبستان اهلی ذکریدا اون یتنجی فصل
امام لار ذکریدا اون سکزنجی فصل امام لار
و موذنلار ذکریدا اون توقوزونجی فصل

حفاظ

15

حفاظ لار ذکریدا یگرمینجی فصل مطرب و مغنی
ذکریدا یگرمە برنجی فصل قصەساز و قصەخوان
ذکریدا یگرمە ایکنجی فصل نصیحت اهلی و اعظلار
ذکریدا یگرمە اوچونجی فصل اهل نجوم ذکریدا یگرمە
تورتونجی فصل تجارت اهلی ذکریدا یگرمە بشنجی
فصل شعبدە و [illegible] توقوجی لار ذکریدا یگرمە
التنجی فصل بازار کاسب لاری ذکریدا یگرمە
یتنجی فصل سایر هنر و صفت برلار ذکریدا
یگرمە سکزنجی فصل شحنە و زندان و عسس لار
ذکریدا یگرمە توقوزونجی فصل دهقانچیلیق
ذکریدا اوتوزونجی فصل تیم و لئیم لار ذکریدا

16

اوتوز برنچی غریبه لار ذکریدا اوتوز ایکنچی فصل
مبرم گدالار ذکریدا اوتوز اوچونچی فصل قوشچی
صیادلار ذکریدا اوتوز توتونچی فصل تربیت
نایاب و حرام نمک لیک قیلغان نوکرلار ذکریدا اوتوز
بشنچی فصل کدخدالیق ذکریدا اوتوز آلتینچی فصل
ریایی مشایخ لار ذکریدا اوتوز یتتنچی فصل
خرابات اهلی ذکریدا اوتوز سکزنچی فصل
دردیش لار ذکریدا و اول تقی مصل اول عادل
سلاطین ذکریدا عادل و عاقل پادشاه
عباد الله غه ظل الله خلافت ملکی اینینک فرمانیدا
انی جاعل فی الارض خلیفة اینینک شأنیدا

عادل

17

عادل پادشاه رفعتی تعریفیدین بیک اوکدوروش
ولدت فی زمن سلطان اندین خبر بروش
اونکه اینینک ذاتی برله مباهی دورکونینی دیب
دورلار که عدل ساعة خیر من عبادة الثقلین
پادشاه عادل حق دین خلایق غه رحمتدور
و ممالککا موجب امنیت دور قویاش
دیک بربار بیله قا اتفاق دین کمل لار آچار
و ملک اهلی باشیغه التون بیله درلار ساچار
فقرا و ناتوانلار اینینک خفیق مداراسیدین
آسوده ظالم و عوانلار اینینک تیغ سیا
ستی دین فرسوده و راستی دین قوی لارکونی

18

خوفیدین امین و سیاستی دین مسافر قراقچی
دین مطمئین رأفتی دین هر مکتب اطفال
لار فوعاشی ده خلافتی دین ضعفا حمایتیدا اولار
نینک ممالکسی هیبتی دین یول لار قراقچی دین خالی
و قول تولا او کوس مالی ضبطی دین علم داقلی
ستنوق و ستمکارلار علمی تقیوق جدیدین مساجد
اهلی مملو و مدارس بحث و جدل خلیدین غلو
قصاصی تیغیدین اوغری الیکی ایل مالیدین کوتاه
انتقامی بیمیدین قطاع الطریق حالی عدم
بنا سیدا تباه تونلار دکانلاردا آسوده اوخو
شمع و اوبش کوچه گشتیدین کوبلار اسی جمع
شادین

19

شام دین تا سحر خانقاه لار ایشیکی آچیق و
خلوت لار عبادت نوریدین یاروق شمعدا
کویی لار پاسبانی اول و یازیلاردا قوی لار شبانی
اول رعیت غه سرا و باغ راغ اندین معمور و سپاه غم
کام دماغ اندین موفور کنچه لار ایر و ضعفا ایشی
او رغوث تیکت و کوندوز اطفال و دزدینی آق
سو تکالک عجوزه لار چرخی اوندی مدی ناله سی برله
اینینک عالی شیغه نغمه ساز و کنیزک لار معتوق سباق
کویی اون بیلا اینینک القیشیغه نغمه پرداز فقرا
ایشی انکا هم دعا هم نازیش اینینک دابی فقراغه
هم نوازیش آج لارغه سی بزل و عطای

20

ویلانکاج لارکیاسی اینیک خزانه‌ء لطف ایندین حیاتی
ملکلیک ملک باغین معمور قیلورغه ابر سیرابش
کوزین یاره و تورغه مهرجهانتابش و اوز ملک
نینک رعایا خلقی اینیک ارضو سیدا و بینه کشور مظلوم
لاری اینیک عدل عاسی کعبت کوییغ آیخشی ایتیغه
علما لار اینیک سایه تربیتی و بخششی صفاتیغه شعرا
و ورزیشی قضاید ترکیبیغ مغنی لار اشتغالی ثناسی
او جون سرود نوزماک و مصنف لار مقادعاسی
اینکی داغمه کورکوزماک و خلق رضاسیدین حق
رضاسیغه طالب و دادخواه سوراردا سوراغ کوزیغه
وبیمر کونکلیکا غایب نظم او لوبادشاهی دیروی بیتیش
وش

21

وش انکا شاملتی دین کلیب نقب خوش جهاندار لارغه
سپهر اشتباه و دلی اهل فقر الیدا خاکراه حکمام
ملکی الیدا خاشاک جه و دلی بر کونکل ملکی املاک حصه
باری بینوا لار نوا سازی اول عمول عکم نو
شاه ابوالغازی اول کلیب عین انسانم
انسان عینیغ جهان وارنی شاه سلطانم
حسینغ که تا بولیه گردون غه دوارلیق
انکا باقی اولسون جهاندارلیق و دلی خلق نوشته
دین اولسون نشاط غه بولماسون خللی
اندین نشاط ایکنجی فصل اسلام بناغ
بیک ذکریدا موندا غ پادشاه غه مسلمان بکتیغ

22

نبی خدمتی غه اتورتینینک سریدیکش نامراد لار پناهی
و پادشاه لارنینک دولت خواهی شاه غه دنیادا
حیین و یکوجی و اینیک آخرتی غمنی یکوجی یمانلار
امین اهل اسان و بخشی لار و ییشوارلیغ اکر
اسانتی این ی طمعی کونکلیدا نابود و عیاجنیالیده
خریدا نا موجود مرادی رعایا امینتی و مقصودی
برایا جمعیتی اول مسلمانلار غه رضاجوی و مسلمان
انکا دعاگوی اوزی نینک ذاتی توزوک و سعی شاه
اینشکیدا توزوکلوک شاه اینشکی موندا ق بیک
دین خالی بولماسون و دولت اندن باز کاکا
انتقالی بولماسون او جون حی فصل مناسب بابی
ذکریدا

23

ذکریدا یالغانجی خود نمانائیب نسبتی مسلمه کذاب ملتی
نبوت تهمتین بو نیغه الغان و جبرائیل حی دین
دیکان باری یالغان مونکا هم شاه خصوصینی
اظهاری غیر واقع و یالغان باری یالغان حکم
تیکوروگا باعث طمع شوم و اوسروک پروانه
تیکورورکا سبب حرص شوم نیم الوردا یالغان
انکا حیین او رنیغه تا مسلمانلار غه نقصان انکا
دین اورنیغه ایتقانی یالغان حیین دیماکی محال
رشوة الوردا اوزکا سوزدیب اما کونکلیدا اوزکا
اوزکا خیال موندا غ نا نیک بولغای فعلی قولی
شاه اینشکیدا کم بولغای اولی توزنونجی فضل

24

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، پروفېسسور)



# باھارستان

ئابدۇراھمان جامىي

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

## كىرىش سۆز

بۇ خۇش كۆڭۈل چېغىمىزدا قەدىرلىك ئوغۇل زىياۋۇددىن يۇسۇف... ئەرەب تىلى باشلانغۇچ قائىدىلىرىنى ۋە ئەرەب ئىلمى قائىدىلىرىنى توپلاش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. مەلۇمكى، كىچىك بالىلار ۋە تەجرىبىسىز ياشلار قولىغا ناتونۇش ئاتالغۇلار ۋە تەبىئىتىگە يىراق نەرسىلەرنى ئۆگەنگەندە، يۈرىكى چۆچۈيدۇ، كۆڭلىگە قورقۇنچ تۇزانلىرى قونىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۇرۇۋۋەت، خاتىرىلىرىگە مەدەت بېرىش مەقسىتىدە بەزى ـ بەزىدە داڭلىق شەيخ ۋە بۈيۈك ئۇستاز مۇسلىھىددىن سەئدىي شىرازىينىڭ «گۈلىستان»ىدىن:

«(گۈلىستان) ئەمەستۇر، جەننەتتىن نىشان، پەردىگە ئورالغان نۇكتىلەر پىنھان.
خەشەك ـ تىكەنى ھەم ئەنبەرگەدۇر قان. بۇلارغا رەشك ئېتەر ھۇر ئىلە غىلمان.
جەننەت دەربازىسى ئۇنداكى بابلار، شېئىرلارى دەرەختىدۇر ئېگىز، ھاسىلدار،
فەيز تولا قىسسەلەر چىن ھەۋزى كەۋسەر. لۇتف شەبنەمىدىن ئارىقلارى بار.»

دەپ بىرنەچچە قۇر ئوقۇتار ئىدى. شۇ ئەسنادا ئېسىمگە سەئدىينىڭ تەۋەررۇك سۆزلىرىدىن شەرەپلىنىپ ۋە گۈزەل شېئىرلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، شۇ تۇر ۋە شۇ ئۇسلۇبتا بىرنەچچە ۋەرەق ئىجاد قىلىپ، ھازىرلارغا داستان، غايىبلارغا سوۋغا قىلىش پىكرى كەلدى ۋە بۇ مەنە ئەنجامى مۇشۇ تەرىزدە ئاخىرىغا يەتتى...

سەير ئەيلە بۇ «باھارىستان»دا، لاتافەتتىن ھەر گۈلىستاندا
كۆرۈنۈر ئۇندا گۈزەل گۈلىستانلار. گۈللەر ياشناپ ئېسەر رەيھانلار.

بۇ «باھارىستان» سەككىز رەۋزە (باغ)دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ جەننەت رەۋزىلىرىنىڭ ھەربىرىدە ئۆزگىچە گۈللەر جىلۋىسى ۋە ئۆزگىچە رەيھانلار ئەتىرى بار. بۇنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى كۈز شامىلىدىن خازان بولماس ۋە رەيھانلىرى قىش سوغۇقىدىن سولىماس.

بىرەر مەقسەت تىكەنلىرىدىن خالىي ۋە بىرەر تۆھپە ـ تەلەپ خەشىكىدىن پاك بۇ باغنى سەير قىلغۇچىلارغا بىرلا ئىلتىماس شۇكى، بۇ باغنى سەير ئېتىپ تاماشا قىلغىنىڭىزدا، بۇ چىمەننى ئۈستۈرگۈچى جىگىرى قان، دىلى ۋەيران بولغان باغۋەننى دۇئا بىلەن ياد ئېتىپ، ماختاش بىلەن شاد ئەيلىگەيسىز...

بەختلىكلەر ئىچرە ھەر كىم،
بۇ باغقا كىرسە گەر جىم،
يا يېسە يېمىشىدىن،
ھوزۇرلانسا سايىسىدىن،

مىننەتدار بولسا ئۇنىڭدىن،
قىلسا ياخشىلىق قولىدىن،
ئەتسە ماڭا دۇئالار،
ماڭا پەقەت شۇ قالار.

*　*　*

بىرىنچى رەۋزە

## دەرۋىشلەر توغرىسىدا

### ھېكمەت

ھىرات پىرى ئابدۇللا ئەنسارىي[①]... ئۆز ئەسھابلىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ: «ھەربىر پىردىن بىر سۆز ئەستىلىك قىلىڭلار، ئەگەر بۇ ئىش قولۇڭلاردىن كەلمىسە، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ يادلىۋېلىڭلار، بۇنىڭدىن بەھرە ئالغايسىلەر» دەر ئىدى.

ئەي سېنىڭ نامىڭدىن يېغىلىدۇ ئىشق،
نامە ـ پەيغامىڭدىن[②] يېغىلىدۇ ئىشق.
كوچاڭدىن كىم ئۆتسە بولىدۇ ئاشىق،
ئىشىكۇ پەنجىرەڭدىن يېغىلىدۇ ئىشق.

### ھېكايەت

ئەبۇ ھاشىم سوپى دەيدۇ:
ــ يۈرەكتىن كىبىر رەزىللىكىنى يۇيۇۋېتىشكە قارىغاندا، تاغنى يىڭنە ئۇچى بىلەن ئاغدۇرۇۋەتمەك ئاساندۇر.

كىبىرسىزلىك لاپىن ئۇرما، ئۇنى كۆرمەكتىن كۆرە، قاراڭغۇ تۈن چۈمۈلىنىڭ ئىزىن كۆرمەك ئاسانراق. كىبىر كىرىن ئېرىتمەكتىن ئاسان ئېرۇر شۇبھىسىز، يىڭنە بىلەن تاغنى قېزىپ ئاستىن ـ ئۈستۈن ئاغدۇرماق.

### ھېكايەت

شىبلى سارالڭ بولۇپ قېلىپتۇ، ئۇنى سارالڭخانىغا ئاپىرىپ قويىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇنى كىشىلەر يوقلاپ باردى.

ــ سىزلەر كىم؟ ــ دەپ سورىدى سارالڭ ئۇلاردىن.

ــ بىز سىزنىڭ دوستلىرىڭىز بولىمىز، ــ دېيىشتى ئۇلار.

شىبلى قولىغا تاش ئېلىپ ئۇلارغا ھەيۋە قىلدى. ئۇلار قېچىپ كېتىشتى.

ــ توختاڭلار، ئەي دەۋاگەرلەر، ــ دېدى

---

① ئابدۇللا ئەنسارىي (1006 ــ 1088) ــ تەسەۋۋۇپنىڭ بۈيۈك شەيخى، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە شائىر. كۆپىنچە ھىراتتا ياشىغانلىقى ئۈچۈن «ھىرات پىرى» دېگەن نامنى ئالغان.

② پەيغام ــ ئۇچۇر، خەۋەر، ياخشى خەۋەر.

ئۇ، ـــ دوست دوستتىن قاچمايدۇ ۋە ئۇنىڭ جاپا
تېشىدىن ساقلىنىشقا ئۇرۇنمايدۇ.

چىن دوستتۇر ـــ دوستلۇقى ئېشىۋەرسە گەر،
دوستىدىن يامانلىق كۆرگىنىدە ھەم.
بېشىغا مىڭ جاپا تېشى ياغسىمۇ،
مېھرى ئۇيى ئۇ تاشتىن بولۇر مۇستەھكەم.

## ھېكايەت

ئەبۇلھەسەن قۇشەنجى ئېيتقانىدى:
ـــ دۇنيادا بىرەر نەرسە ھېسابىغا ياكى
بىرەر نەرسە غەرىزىدە دوستلۇق بىلدۇرگەن
كىشىدىنمۇ خۇنۇكرەك نەرسە يوق.

دوست ھەجرىدىن ئاشىق كۆتەر ئادالەت،
يا ۋەسل ئىشكىدە تۇرار بىر ھالەت.
دوستلۇقتىن ئۆزگە بىر مەقستى بولسا،
ئالەمدە بارمۇ ھېچ بۇنداق رەزالەت①.

## ھېكايەت

ئېيتۇرلاركى، ئەبۇ ئەلى دەققاق ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىدا شۇنداق بىر دەردكە يولۇقتى، ھەر كۈنى
تاڭدا ئۆگزىگە چىقار ۋە قۇياشقا يۈزلىنىپ
شۇنداق سۆزلەرنى دەر ئىدى:
ـــ ئەي مەملىكەت سەرگەردانى، بۈگۈن
ئۆزۈڭنى قانداق سېزۈرسەن ۋە نە جايلارنى
كېزۈرسەن؟ بۇ يەردىنمۇ غەمكىنرەك يەر
كۆردۈڭمۇ ۋە بۇ تائىپە ئەھۋالىنى سورىدىڭمۇ؟
ئۇ تاكى قۇياش پاتقۇچە شۇنداق سۆزلەرنى
سۆزلەپ تۇرار ئىدى:

سەنچە ئالەم كەزگەن بارمۇ، ئەي قۇياش،
يولدىن بىرەر سوۋغا بىزگە قىل يولداش.
بۈگۈن ئىشق يولىدا ئۇچراتتىڭ كىمنى،
دىلىدا دەرد ـ ئەلەم، كۆزلىرىدە ياش.

## ھېكايەت

شەيخ ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇل خەيردىن②:
ـــ سوپىلىق نېمە؟ ـــ دەپ سورىغىنىدا، ئۇ
شۇنداق جاۋاب بەردى:
ـــ بېشىڭدا بارىنى چىقىرىپ تاشلا،
قولۇڭدا بارىنى باشقىلارغا بېرىۋەت، باشقىلار
ساڭا نېمە قىلسىمۇ چىدا.

سوپىلىقنى ئىستىسەڭ ئۆزۈڭدىن بولغىل خالاس،
چىقىپ كەتسۇن دىلىڭدىن پۈتكۈل ھاۋايۇ
ھەۋەس.
قولۇڭدا ھەر نە بولسا، باشقىلار قولىغا بەر،
يۈز بالاغا بەرداش بەر، بارچىگە تەڭ قولاق ئاس.

## ھېكايەت

رويەم③:
ـــ مەردانىلىك ـــ ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ
كەچلىكلىرىنى كەچۈرۈش ۋە كەينىدىن
كەچۈرۈم سوراش لازىم بولمايدىغان ئىش
قىلىشتۇر! ـــ دەر ئىدى.

ئىككى نەرسە مەردانىلىك بولۇر بىل،
ساڭا ئېيتىپ بېرەي بىر ـ بىر قولاق سال.
بىرى شۇلكىم، كەچۈرەر بىل دوستلۇرۇڭ،
خاتالىرى بولسا ھەمكىم، كۆپ قوپال.
ئىككىنچىسى ئۆزرىلىك ئىش قىلما ھېچ.
مەرد كىشىگە ئۆزرە سوراش كۆپ مەھال.

## ھېكايەت

يۈسۈف ئىبنى ھۈسەيىن رازىي④:
ـــ ھەممە ياخشىلىق بىر ئۆيدە بولۇپ،
ئۇنىڭ ئاچقۇچى تەۋازۇ ۋە كەمتەرلىكتۇر. ھەممە
يامانلىقمۇ باشقا بىر ئۆيدە بولۇپ، ئۇنىڭ

---

① رەزالەت ـــ رەزىللىك، پەسكەشلىك، يارىماسلىق.
② ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇل خەير (957 ـــ 1049) ـــ خوراسان سوپىلىرىنىڭ بۈيۈك شەيخى.
③ رويەم ـــ ئەبۇ مۇھەممەد رويەم (ۋاپاتى 915 ـ يىلى) ـــ ئىراقتا ياشىغان داڭلىق سوپى.
④ يۈسۈف ھۈسەيىن رازىي (ۋاپاتى 913 ـ يىلى) ـــ تەسەۋۋۇپچى شەيخ.

ئاچقۇچى مەنمەنلىكتۇر، — دەر ئىدى.

ياخشىلىقلار بىر خانىگە جەم،
كەمتەرلىكتۇر ئۇنىڭ كېلىتى.
يامانلىقلار باشقا خانىدە،
ئۇنى ئاچۇر مەنمەنلىك ئىتى،
ئېھتىيات قىل تېيىپ كەتمىگىل،
شۇندىن كېلۇر يۈزۈڭ ئۆيىتى.

### ھېكايەت

ئەبۇ ئەلى رۇدبارىي[1] شۇنداق دېگەنىدى:
— ئەڭ تار زىندان رەقىبلەرنىڭ بىر يەردە ئولتۇرۇشىدۇر.

يار ۋەسلىنىڭ بويىدىن يوق نىشان،
ئۇ جاي ئازادىگە مىسلى زىمىستان.
ئاشىقلارغا رەقىب سۆھبىتى زىندان،
زىنداندىن تاردۇر ئۇ، زىنداندىن يامان.

### ھېكايەت

بەھاۋۇددىن نەقشىبەندىيدىن[2]:
— سىلىنىڭ جامائەلىرى قېيەرگە باشلايدۇ؟ — دەپ سورىغىنىدا، ئۇ:
— ھېچكىم جامائەدىن بىر جايغا يېتەلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

چەكمەنۇ خەسدىن ساپا كەلمەيدۇر،
تەسبىھدە كۆپ رىيا، تەنھا كەلمەيدۇر.
جامائەڭ باشلايدۇ قاياققا، دەيدۇر،
جامائەدىن ھېچ ئىش بەجا كەلمەيدۇر.
قولىدىن كېلىشچە نەرسىلەر توغرىسىدىكى

## ئىككىنچى رەۋزە
## دانالار ھېكمىتى

ھەقىقەتنى بىلىشكە ئىنتىلگەن ۋە بىلگەنلىرىدىن پەقەت لازىملىقىنى ئۆز ئىشلىرىغا رەھنەما قىلغان ھەم شۇنىلا نەپسىنىڭ مەلىكىسى دەپ بىلگەن كىشى دانىشمەن دېيىلىدۇر.

ئۆتكۈنچى نەرسىدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ ئال،
مەڭگۈلۈك تەدبىرى بىلەن بىرگە قال.
نېمىنى بىلەلىسەڭ بىلىشكە ئىنتىل،
سوڭرە بىلگەنلىرىڭ بىر - بىر ئىشقا سال.

### ھېكايەت

ئىسكەندەر رۇمىي[3] جاھانگىرلىك دەۋرىدە ھىيلە بىلەن بىر قەلئەنى ئىگىلىدى ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە بۇيرۇدى. شۇ چاغدا ئىسكەندەرگە بىرى:
— ئۇ يەردە بىر ھەكىم بار، ئۇ تولىمۇ بىلىملىك، ھەرقانداق مۈشكۈل ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسان، — دېدى.
ئىسكەندەر ئۇ كىشىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ كىشى ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. كۆردىكى، چىرايى سەت، كىشىنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك بىر كىشى ئىكەن. ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، دېدى:
— بۇ نېمىدېگەن سەت چىرايۇ سۆرۈن تەلەت؟!

---

① ئەبۇ ئەلى رۇدبارىي — تولۇق ئىسمى: ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد (ۋاپاتى 933 - يىلى)، تەسەۋۋۇپ شەيخى.
② بەھاۋۇددىن نەقشىبەندىي مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد بەھاۋۇددىن ئەن - نەقشىبەند ئەل - بۇخارىي (1318 — 1389) — داڭلىق ئالىم، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى.
③ ئىسكەندەر رۇمىي (ئالېكساندىر ماكېدونسكىي؛ شەرق مەملىكەتلىرىدە «ئىسكەندەر مەقدۇنىي، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين» نامى بىلەن داڭلىق) — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى653 — 323- يىللاردا ياشىغان. ئۇ شەرققە قوشۇن باشلاپ يېقىن شەرق، ئىران ۋە ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيانى بېسىۋالغان ۋە چوڭ ئىمپېراتورلۇق تۈزگەن. ئۇ شەرق ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانى بولۇپ كەتكەن.

ھەكىم بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، چىقىپ كەتتى ۋە قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ، دېدى:

«تەنە قىلما خۇنۇك يۈزۈمگە قاراپ،
ئەي ئەقلۇ ئىنسابتىن خەۋەرسىز كىشى.
تەن قىنىدۇر، ئەمما جان — قىنىدىكى قىلىچ،
ئۆتكۈرلۈك، كەسمەكلىك قىلىچنىڭ ئىشى».

ئۇ يەنە دېدى:«كىم خەلقى بىلەن ياخشى ئۆتمىسە، ئۇنىڭ تېرىسى ئۆزى ئۈچۈن زىنداندۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېغىر ئاھ ـ ۋاھ باردۇر، زىندان ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئارامگاھدۇر.

ھەمىشە غەم ئۇرار دىلىن مىسلى پېچەك يىپىدەك،
ھەركىمكى، بارچە بىرلەن بەتخۇلق قىلسا زاھىر.
زىندان بېگىگە ئېيتىپ، زىندان قىلماق نە ھاجەت؟
ئۆز تېرىسى ئۆزىگە زىندان ئەمەسمۇ، ئاخىر!»

ئۇ يەنە شۇنداق دېدى: «ھەسەت قىلماق ھەمىشە كۈلپەت كەلتۈرىدۇ ۋە ئۆز پەرۋەردىگارىغا نىسبەتەن خۇسۇمەت قوزغىتىدۇ. باشقىلارغا نېمىلا بەرگەن بولسا، ئىچى ئېچىشىدۇ ۋە باشقا ماللىرىنى ساقلاش غېمى بىلەن بەند بولىدۇ.

ئۆزگىلەرگە ھەسەت قىلىش ئەقلىدىن ئەمەس،
ئەسلا كەتمىگەيسەن ئەقىل ـ ئىدراكتىن يىراق.
خەلقتىن تەمە كۈتمە، ھەسەت — ئەلەم ئاساسى،
تەمە قىلما، ئەلىمىڭ بولغاي بىساناق.»

دانىشمەن يەنە شۇنداق ئېيتتى: «ھېممەتلىك كىشىلەر بايلىقتىن دوستلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇر. ئەقىلسىز خەسىسلەر ئۇنى دۈشمەنگە قالدۇرۇپ كېتۇر».

ھەرنە كىرسە ھېممەتلىك مەرد قولىغا،
چاچار دوستلار ئايىغىغا بارچەسىن.

ئۆزى ئۆلگەچ، دۈشمەنلىرى بۆلۈشەر،
خەسىس كىشى تېرىپ يىغقاق نەرسەسىن».

يەنە ئېيتتى: «كىچىكلەرگە ھەزىلۇ ئىستىھزا ئوقىنى ئاتماق — ئۇلۇغلۇق ئابرۇيىنى بىكارغا ساتماق ۋە زىللەتۇ خارلىق غۇبارىغا پاتماقتۇر.

ئەي پەسلىك لىباسىن كىيگەن ئادەمزات،
قورقىمەنكى، نامىڭ بەسكەش بولغۇسى.
كىچىكلەر بىرلە سەن بولما ئەپسۇنكار،
كى ئۇلۇغلۇق نامىڭ مۇتلەق ئۆچكۈسى.

يەنە دېمىش: «كېمەرسىكى قول ئاستىدىكىلەرگە مۇشت ئاتسا، ئاخىردا ئۆزى مۇشت يېگەنلەر قاتارىدا بولۇر.

بىر ياخشى سۆزۈم بار، قۇلاق سال، ئەي دىل،
قالمىش دانالاردىن مىراس تولاراق.
كىم تارتسا ئاداۋەت قىلىچىن قىنىدىن،
ئاداۋەت تىغىدىن بولىدۇ ھالاك».

ئىسكەندەرنىڭ قۇلاقلىرى بۇ ھېكمەت جاۋاھىرلىرىغا تولۇشى بىلەن، ئۇمۇ جاۋاھىرلارغا ئوخشاش سۆزلەرنى ئېيتتى ۋە قەلئەنى بۇزۇۋېتىش نىيىتىدىن ياندى.

## ھېكايەت

فەرىدۇن① شەپقەت زېمىنىگە نەسىھەت ئۇرۇقىنى چاچتى، بالىسى ئۈچۈن قەغەزگە مۇنۇ سۆزلەرنى چەكتى: «ھايات ۋەرەقلىرى كىشى ئەمىلىنىڭ سەھىپىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ئىشلار پۈتۈلىدۇ».

زامان سەھىپىلىرى — ئىنسان ئۆمرى دەپتىرى،
شۇندايىن سۆزنى ئېيتمىش ئۇيغا پاتقان بىر دانا.
كىمكى بۇ پاك كىتابتا ياخشى ئىشلىرى بىلەن

① فەرىدۇن — فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» داستانىدىكى قەھرىمانلاردىن بىرى، جەمشىدنىڭ ئوغلى، ئادالەتلىك شاھ ئوبرازى.

ياخشى نامىن قالدۇرسا، شۇنىڭ بەختىدۇر ئەلا.

## ھېكمەت

ھەكىملەردىن بىرى ئېيتۇرلەركى: «ھېكمەتتىن قىرىق دەپتەر يازدىم، ئەمما ئۇلاردىن نەپ كۆرمىدىم. ئۇلاردىن قىرىق كەلىمىنى ئىختىيار قىلدىم، ئەمما بۇلارنىڭمۇ پايدا - مەنپەئىتىنى بىلمىدىم. ئۇلاردىن تۆت سۆز تاللاپ ئالدىم ۋە ئىزدىگەن نەرسەمنى تېپىپ كۆڭلۈمگە سالدىم:

ئاۋۋىلى شۇكى، ئاياللارغا ئەرلەرگە ئىشەنگەندەك بەك ئىشىنىپ كەتمە... ئىككىنچىسى شۇكى، بايلىقتىن مەغرۇرلانما، بايلىقىڭ قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى زامان ئاخىر پايمال قىلغۇسى.

بايلىقتىن كېرىلمەك — ئەقىلدىن ئەمەس،
چۈنكى ئۇ ئۆتكۈنچى بۇلۇتقا ئوخشاش.
ئۆتكۈنچى بۇلۇتتا بولسىمۇ جەۋھەر،
بەربىر ئۇ ئۆتكۈنچى، ئىشىنىپ بولماس.

ئۈچىنچىسى بۇدۇركى، يوشۇرۇن سىرىڭنى ھېچبىر دوستۇڭغا ئېيتما، چۈنكى دوستلۇقتا دەز كېتىپ، دۈشمەنلىككە ئايلانغان ئىشلار ھاياتتا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەي ئوغۇل، دۈشمەنلىرىڭدىن يوشۇرۇن بولسا سىرىڭ،
ياخشىسى دوستلار ئارا ھەم سۆزلىمە، قالسۇن نىھان①.
پەلەك تەتۈر ئايلىنىپ دۈشمەن كىشى دوست بولغانىن،
دوستىنىڭ دۈشمەن بولغانىن ھەم كۆرگىنىم بار كۆپ زامان.

تۆتىنچىسى شۇكى، پەقەت پايدىلىق ئىلىمنىلا ئالماق، پايدىسىز ئادەتلەردىن قاچماق ۋە پەقەت زۆرۈر نەرسىلەرگىلا قولاق سالماق لازىم.

ئەڭ زۆرۈر بىلىمنى تىرىشىپ ئۆگەن،
زۆرۈر بولمىغىنىن ئاختۇرۇپ يۈرمە.
زۆرۈرنى ھاسىل قىلغىنىڭدىن كېيىن،
ئاڭا ئەمەل قىلماي ئۆمۈر ئۆتكۈزمە».

## ھېكايەت

ئىبنى مۇقەففا② شۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

— ھىندى دانىشمەنلىرى يازغان كىتابلار يۈز تۆگىلىك يۈك بولدى. ئۇلارنىڭ پادىشاھى بۇلارنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار كىتابلارنى ئىككى تۆگىلىك يۈككە كەلتۈرۈشتى. «يەنە ئازايتىلسۇن» دەپ بۇيرۇدى پادىشاھ. ئاخىر كىتابلار بارى - يوقى تۆت كەلىمىگە يىغىنچاقلاندى.

بىرىنچى كەلىمە خان - خاقانلارنى ئادالەتكە چاقىرار ئىدى.

ئەگەر خاقان ئىشى بولسا ئادالەت،
چوڭۇ كىچىك ھاياتىدا پاراغەت.
دىلى ۋەيران يىغلار بولسا كۆكسى چاك،
دېمەك ئاڭا زۇلۇم قىلغان بىر ناپاك.
گەر زامانە ئاپەتلىرى بالادۇر،
پەقەت خاقان ئادالىتى داۋادۇر.

ئىككىنچى كەلىمە ياخشىلىق قىلماق ۋە خان پەرمانلىرىنى ئورۇندىماق توغرىسىدا ئاۋامغا قىلىنغان نەسىھەت ئىدى.

خان زۇلمى ئورۇقىدىن خەلق ئىچرە دائىم قوزغىلاڭ،
بۇغداي ئالمىش قاي كىشى شۇدىگەرگە چېچىپ ئارپا - دان؟!

ئۈچىنچى كەلىمە تەن ساقلىقىنى

---

① نىھان — يوشۇرۇن، پىنھان، مەخپىي.

② ئىبنى مۇقەففا — ئەسلىي نامى روزبىھ دادا ئوغلى، «ئابدۇللا» دېگەن ئىسمىنى قوللانغان، باشقا تىللاردىن ئەرەبچىگە كۆپ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئەرەب پروزىچىلىقىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى، جۈملىدىن ئۇ «كەلىلە ۋە دىمنە» كىتابىنى پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان؛ 724 - يىلىدا تۇغۇلۇپ، 769 - يىلىدا كۆپپارلىقتا ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ساقلىماق، قورساق ئاچماي تۇرۇپ تائامغا قول سوزماسلىق ۋە تويماي تۇرۇپ ئۈنىڭدىن قول تارتماق توغرىسىدۇر.

كېسەل سەۋەبىدىن ساقلان ئاۋۋالا،
تېۋىپتىن تەگمىگەي قوپال سۆز ـ بالا.
ئارتۇق تويۇپ كەتمە، يېگىن قاراپراق،
يېمە تائام توق قارنىڭغا سەن ئەسلا.

تۆتىنچى كەلىمە ياتلارغا قارىماسلىق توغرىسىدا خوتۇنلارغا قىلىنغان ئۆگۈت ئىدى.

تەن مەھرەمىدىن① ئۆزگە بولسا ھەمكى ھۆسىندار،
سادىق ئايال قارىماس بىگانىگە بىرەر بار②.
ئاسماندىكى ئاي بولسىمۇ ھۆسىندە ئۇ يېگانە،
ھايالىق ئايال ھەر چاغ بىگانىگە بىگانە.

## ھېكايەت

تۆت پادىشاھدىن تۆت ھېكمەتلىك سۆز قالمىش، گويا تۆت يادىن چىققان تۆت تال ئوق كۆككە يول ئالمىش.

خۇسرەۋ ئېيتۇر: «ئېيتمىغان سۆزدىن ھېچ پۇشايمان قىلمىدىم. كۆپ سۆزلەر باركى، ئۇلارنى ئېيتقىنىمدىن پۇشايمان يېدىم».

قەيسەر ئېيتۇر: «ئېيتىلمىغان سۆز ئۈستىدىكى قۇدرىتىم ئېيتىلغان سۆزگە قارىغاندا كۆپرەك، يەنى ئېيتمىغان سۆزۈمنى خالىغان چاغدا ئېيتىشىم مۇمكىن. ئېيتقان سۆزۈمنى بولسا قايتا يوشۇرۇش ئىمكانىم يوق».

ئاشكار قىلماق لازىم بولمىغان سۆزنى
ھوشيارلارغا سۆزلىمە ئاسان. .
سۆزلىمىگىنىڭنى سۆزلەپ ئالۇرسەن،
ئېيتقاچ، قايتۇرماققا تېپىلماس ئىمكان.

چىن خاقانى شۇ مەنىدە ئېيتۇر: «كۆپىنچە سۆزنى ئېيتماي پىنھان تۇتماققا قارىغاندا، ئېيتىپ پۇشايمان قىلماق قىيىنراق بولۇر».

قانداق سىر بولمىسۇن كۆڭلۈڭدە پىنھان،
تېز ۋە ئاسانلىقچە ئەيلىمە بايان.
ئاشكارا ئېتىپ، سو چەكمىگىن نادامەت،
پىنھان تۇتقىل، مەيلى بولسا ئالامەت.

ھىندى پادىشاھى ئېيتۇر: «ھەر سۆزكى تىلىمدىن ئۆچتى، ھۆكۈمرانلىق ئۈنىڭغا كۆچتى. ئېيتمىغان سۆزۈمگە ئۆزۈم ھۆكۈمران، خالىغان چېغىمدا تىلىمدۇر راۋان».

دانالار قارىشىچە، ئېيتقان ـ ئېيتمىغان
سۆز مەنىسى ئۇشبۇ مەسەلگە كۆچكەن:
ھەر ئىككىسى ئوقتۇر، بىرى ساداقتا،
بىرى بولسا ئەمدى كاماندىن ئۇچقان.

## ھېكايەت

ھىندى پادىشاھى باغداد خەلىپىسىگە سوۋغا ـ سالام بىلەن تېبابەت ۋە ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر پەيلاسوپنى ئەۋەتتى. تېۋىپ خەلىپە ئالدىدا تىك تۇرۇپ دېدى:

— كەمىنە ئالىيلىرىغا پەقەت پادىشاھلارغا خاس ۋە سۇلتانلارغا يارايدىغان ئۈچ سوۋغا ئېلىپ كەلدىم.

— خوش، ئۇلار نېمىدۇر؟ — دېدى خەلىپە.

— بىرىنچىسى — بوياقتۇر، — دېدى تېۋىپ، — چاچنى قارايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بويالغان چاچ ھەرگىز رەڭگىنى يوقاتمىغاي ۋە ھېچقاچان ئاقارمىغاي. ئىككىنچىسى — بىر مەجۇندۇركى، ئۇنى يۇتۇپ ھەرقانچە كۆپ غىزا يېيىلسىمۇ ئاشقازانغا ئېغىرلىق چۈشمىگەي ۋە مىجەز بۇزۇلمىغاي؛ ئۈچىنچىسى — بەلنى

① بۇ يەردە ئايال كىشىگە نىسبەتەن يات ئەر، دېمەكچى.
② بار — قېتىم.

قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان، مەنىينى كۆپەيتىپ، شەۋقنى ئارتتۇرىدىغان دورا. ئۇنى ئىچكەن كىشى خوتۇنلار بىلەن تەكرار تۆشەككە كىرسىمۇ، قۇۋۋىتى كەمەيمىگەي، كۆز نۇرى زەئىپلەشمىگەي.

خەلىپە بىردەم ئويلىنىپ، شۇنداق دېدى:

— مەن سېنى داناراق، ئەقلىڭنى ئۇنىڭدىنمۇ ئەلاراق، دەپ ئويلىغانىدىم. سەن ئېيتقان بوياق مەغرۇرلۇق سەرمايىسى ۋە پىسقۇ پۇجۇر دەسمايىسىدۇر. چاچنىڭ قارىلىقى قاراڭغۇلۇقنىڭ، ئاقلىقى بولسا يورۇقلۇقنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟ پەقەت نادانلارلا يورۇقلۇقنى قاراڭغۇلۇققا ئالماشتۇرغۇسىدۇر.

ئاق چېچىنى قارا رەڭدە بوياش بىلەن بىر ئەخمەق،
ياشانغاندا ياشلىقىنىڭ ئارزۇسىنى قىلسا، دەڭ:
قۇش بىلەن شىكار قىلغان دانا - ئاقىل بىلۈركى،
ئاق قارچىغا بىلەن ھېچ قارا قاغا بولماس تەڭ.

ئىككىنچى سوۋغاڭ مەجۇن توغرىسىدا شۇنى بىلىپ قويكى، مەن تاماقتىن لەززەتلىنىدىغان تويىمىغۇرلاردىن ئەمەسمەن ۋە تاماقنى ئېھتىياجدىن ئارتۇق يېمەسمەن. غىزانى كۆپ يېيىشتىنمۇ ئازابلىق ئىش بارمۇ؟ غىزانى جىق يېگەن كىشى جايىغا تېز - تېز قاتراپ، كۆرۈشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈشكە، قۇلاققا ياقمايدىغان قوپال ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا، بۇرۇنغا ياقمايدىغان ھىدلارنى ھىدلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنداق جايىغا تېز - تېز قاتراشتىنمۇ يېقىمسىز ئىش بارمىدۇ؟

بىلىملىكلەر: «ئاچلىق — كېسەللىكتۇر، لايىقىدا يەپ - ئىچمەك ئۇنىڭ داۋاسىدۇر» دېگەنغۇ. دەردكە داۋا بولۇشنىڭ ئورنىغا كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ياردەملەشكەن كىشىدىنمۇ نادانراق ئادەم بارمۇ؟!

خوجا ساقلار ئىشتىھاسىن،
ساقلىقنى سېلىپ يولغا.
ئىلغىماس ئىسسىق - سوغۇق دەپ،
ئاز - ئاز يېيىۋر كېرەك بولسا.

ئەمدى ئاياللار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۆچەيتىدىغان دوراڭغا كەلسەك، ئاياللار بىلەن كۆپ ئالاقە قىلماق ئەقىلسىزلىقنىڭ بېشارىتىدۇر. ئەگەر خەلىپە... قانداقتۇر بىر قىز ئالدىدا تىز چۆكۈپ، ئۇنىڭغا تولا ھېرىس قىلسا، يالغان - ياۋىداق ماختاش سۆزلىرىنى ئېيتقىلى تۇرسا، ئۇنى دانا دېگىلى بولامدۇ؟!

ئەي دانالىق دەۋاسى قىلغان، شەھۋەتتىن بولما تىترىك،
ساراڭلىقنىڭ زەنجىرىدۇر بوزۇق خوتۇن چاچ ئۆرۈمى.
تىزلىنىپ ئالدىدا قىلساڭ بەتقىلىقلىقنى ئاشكارا،
بۇ ئەقىل - ئىدراكسىزلىقتۇر ھەم ساراڭلىق بېشارىتى.

## ھېكايەت

كىسرانىڭ[①] سورۇنىغا بىلىمدانلاردىن ئۈچ كىشى — رۇم پەيلاسوپى، ھىندى ھەكىمى ۋە بۇزۇرجمېھر[②] يىغىلغانىدى. سۆھبەت «دۇنيادا ئەڭ يامان نەرسە نېمە؟» دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، رۇم ئالىمى دېدى:

— قېرىلىق ۋە ئاجىزلىق، يوقسۇللۇق ۋە قاشاقلىق.

— كېسەللىك ۋە نادامەت، — دېدى ھىندى دانىشمىنى.

— ئەجەل يېقىنلىشىپ، پۈتكۈل ئىشلاردىن يىراقلىشىش، — دېدى بۇزۇرجمېھر.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەممەيلەن قوشۇلدى.

كىسرا سارىيىغا دانالار كېلىپ،

① كىسرا — خۇسرەۋ I ئەنۇشىرۋان ساسانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئىران شاھلىرىدىن (531 — 579). ئەنۇشىرۋان تارىخىي شەخس بولسىمۇ، كېيىنچە شەرق خەلقلىرى بەدىئىي ئىجادىدا كەڭ تارقالغان ئادالەتلىك شاھ تىمسالىغا ئايلانغان.

② بۇزۇرجمېھر — بۇزۇرگمېھر — خۇسرەۋ I ئەنۇشىرۋاننىڭ ئەپسانىۋى ۋەزىرى، شەرق ئەدەبىياتىدا ئالىم تىمسالىدا كەڭ تارقالغان.

«پالاكەت نېمە؟» دەپ قۇرۇشتى سۆھبەت
«غەم مەۋجىنىڭ ئەڭ زور دولقۇنى نېمە؟»
جاۋابىنى ئىزدەپ، سورىدى ھېكمەت.
«بىتابلىق ۋە قايغۇ» دېدى بىرەيلەن:
«قېرىلىقتىكى يوقلۇق، ئاچلىق، بىتاقەت.»
ئۈچىنچىسى دېدى: «ئاياۋسىز ئەجەل،
دۇنيا ئىشلىرىدىن ئاجرىتۇر سائەت».
ئۇنىڭ سۆزى بولدى ھەممىگە مەقبۇل،
يوق دېيىشتى بۇندىن ئېغىر پالاكەت.

## ھېكمەت

بىر دانىشمەندىن:

— كىشى قانداق چاغدا تاماقتا ئالدىرايدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— بەدۆلەت ئاچ قېلىپ، ئىچى ئېچىشقاندا، كەمبەغەل بولسا تاماقتا ئېرىشكەندە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بولمىسۇن ساقلىقىم خاراب دېگەنلەر
تاماقنىڭ ئاز ـ كۆپىن لايىقىدا يەر.
باي قارنى ئاچقاندا گاھى ـ گاھىدا،
كەمبەغەل تاپقاندا يا بارىدا يەر.

## ھېكايەت

بىر دانىشمەن ئۆز ئوغلىغا دېدى:

— ئەتىگەندە ئاغزىڭغا بىرەر چىشلەم نان سالماي ئىشىكتىن چىقما، چۈنكى توقلۇق خۇش مۇئامىلە ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئاساسى، ئاچلىق بولسا يەڭگىلتەكلىك ۋە ئەقىلسىزلىقنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

روزىدىن بۇزمىغىن تەبىئىتىڭنى،
خۇش مۇئامىلىلىك ئادەمزات نەقشى.
تۇتقان روزاڭ بولسا بىراۋغا ئازار،
روزىنى پۇتۇنلەي تۇتمىغان ياخشى.

## ھېكايەت

ئەگەر ئاچ بولساڭ، ھەرقانداق ئاش ـ نان كۆرسەڭ، ئۇ سېنىڭدە ئىشتىھا قوزغىتىدۇ. سەن بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئۇلپەتلىرىڭدە بولسا، سېنىڭ ئىشتىھايىڭ ساڭا قارىتا نەپرەت ئويغىتىدۇ.

قويۇق ـ سۇيۇق ھەر نەرسە تاپساڭ، ئۆيۈڭدە
تويۇپ يەۋالغىنىڭ ياخشىدۇر بىشەك.
ئۆزگىلەر تائامىن ھەۋەس ئەيلىمە،
پەسلەرنىڭ بەرگىنىدىن قېقىپ كەت ئېتەك.

ئەگەر مېزبان داستىخان ئۈستىدە ئۆز نېمەتلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتسا، ئۇنىڭ نېنىدىن ئۆز جىگىرىڭ ئەلا ۋە شەربىتىدىن ئۆز قېنىڭ بەجا[1].

مىزبان ئېيتمۇەرسە «نېنىم» ۋە «ئېشىم»،
ئۇنداق داستىخانغا ئۇزاتما قولۇڭ.
ئۇنىڭ قورۇمىسىدىن ئاشكۆكىڭ ياخشى،
ئۇنداقلار ئۆيىگە چۈشمىسۇن يولۇڭ.

## ھېكمەت

كىمنىڭ قولىدا مۇنۇ بەش نەرسىنىڭ تىزگىنى بولسا، ئۇنىڭ ياخشى ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولۇر: بىرىنچىسى — تەن ساقلىق، ئىككىنچىسى — ئامانلىق، ئۈچىنچىسى — رىزقىنىڭ موللۇقى، تۆتىنچىسى — سادىق دوست، بەشىنچىسى — پاراغەت. كىمكى شۇ بەش نەرسىدىن مەھرۇم ئېتىلگەن — خۇش ھايات

[1] بەجا — ماقۇل كېلىدىغان، دۇرۇس، ياخشى.

ئىشكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بېكىلگەن.

خۇش ھايات ئاملى بەشكە يېتىدۇ،
دانالارنىڭ بارچىسى شۇنىڭغا قىلۇر ئىشارەت.
ساقلىقۇ ئامانلىق ھەم پاراۋانلىق،
ياخشى سۆھبەتداش دوست دىلغا پاراغەت

### ھېكمەت

ئەقىللىق كىشى زاۋال تاپىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى نېمەت ھېسابىغا قوشمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرىشكە ئالدىرىمايدۇ. گەرچە ئۆمۈر ئۇزۇن بولسىمۇ، ئاخىرى ئۆلۈم بولغاچ، بۇ ئۇزۇنلۇقتىن نېمە پايدا... مەڭگۈ قالىدىغان نېمەتنى قەدىرلىسە، زامان ئاپىتىدىن ئامان قالىدۇ.

دانالار مۇنۇنى نېمەت دەپ بىلۇر،
جان ئۇندىن مەڭگۈلۈك ئالالىسا سۇرۇر①.
سەن كىرسەڭ گۆرگە ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭ،
ئاددىي تاش مىسالى ھەر يەردە قالۇر.

### ھېكمەت

بۇزۇرجمېھردىن:
— قانداق پادىشاھ پاكىزدۇر؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇنىڭدىن پاكىزلار ئامانلىق، ناپاكلار يامانلىق كۆرسە، شۇ پادىشاھ پاكىزىدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

شاھ ئۇلكىم، خاتىرى كۆپ، روشەنۇ دانا ئېرۇر،
ياخشىغا ياخشى، يامانلارغا يامان ئادىل ئېرۇر.

### ھېكايەت

ئىسكەندەر بىر بىلىملىك كىشىنى شەرەپلىك ۋە يۇقىرى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، پەس بىر ئىشقا بەلگىلىدى. بىر كۈنى ئۇ كىشى ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە:
— قانداق، يېڭى ئەمەلىڭ ياقتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر.
— ئالىيلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، — دېدى ئۇ كىشى، — ئىنسان ئەمەلى بىلەن ئەمەس، ئەمەل ئىنسان بىلەن شەرەپكە ئىگە بولۇر. ھەربىر ئىشتا خۇش تەبىئەتلىك، ئادىل ۋە ئىنساپلىق بولۇش لازىم.
بۇ گەپ ئىسكەندەرگە ياقتى ۋە ئۇنى ئەسلىدىكى خىزمىتىگە قويدى.

يۇقىرى مەنسەپ ئۈستىدىمۇ ھەم
ئىلىم ئاشۇرماق پىكرىن قىل ھەردەم.
مەنسەپ بىلەن ئۆرلىمەس ئادەم،
مەنسەپ ئادەم بىلەن مۆھتەرەم.

### ھېكمەت

ئۈچ تائىپە كىشىلەرگە ئۈچ خىل ئىش ياراشماس: پادىشاھلارغا ئالدىراڭغۇلۇق، دانىشمەنلەرگە مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، بەدۆلەت كىشىلەرگە بېخىللىق.

ئۈچ ئىشنى قارىلار ھەكىم قەلىمى،
ئالدىراڭغۇلۇق قىلسا كۈچلۈك پادىشاھ.
خەسىس بولسا بەدۆلەت كىشى،
مال ـ دۇنياغا ھېرىس قويسا دانا.

### ھېكمەت

ھەكىملەر ئېيتۇرلاركى، ئەدلىدىن جاھان ئابادان②، ستەمدىن ئالەم ۋەيران. ئەدل

① سۇرۇر — شادلىق، خۇرسەنچىلىك، قۇۋانچ.
② ئابادان — ئاۋات، گۈللەنگەن، ياشنىغان.

چىرىغىدىن مىڭ پەرسەڭ[①] يەر يورۇقلۇق ئالۇر،
سىتەم مىڭ پەرسەڭ جايغا قارا سايە تاشلار.

ئەگەر چىقسا ئادالەتنىڭ قۇياشى،
تارالغاي ھەر تامان نۇرى ـ زىياسى.
ئەگەر زۇلۇم قىلسا زالىم، سىتەمدىن
جاھان بولغاي قارا، يوق ئىنتىھاسى[②].

## ھېكايەت

ئالىي ھىممەتلىك بىر دەرۋىش شەۋكەتلىك بىر پادىشاھ بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرار ۋە يېقىملىق سۆھبەتلەر قۇرار ئىدى.

بىر كۈنى بۇ دەرۋىش پادىشاھ چىرايىدىن مالالەت ئىزلىرىنى بايقىدى، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ، خىياللارغا چۆكتى. ئەمما، ئۆزىنىڭ پادىشاھ ھۇزۇرىغا پات ـ پات كېلىدىغانلىقىدىن بۆلەك سەۋەب تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھ ھۇزۇرىغا بېرىشنى توختاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتتى.

بىر كۈنى پادىشاھ يول ئۈستىدە دەرۋىشنى ئۇچرىتىپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەي دەرۋىش، نە سەۋەبتۇركى، مەن بىلەن بولغان ئالاقەڭنى بۇزدۇڭ، بېرىش ـ كېلىشتىن قەدىمىڭنى ئۈزدۇڭ؟ — دەرۋىش جاۋاب بەردى:

— سەۋەبى شۇكى، ھۇزۇرلىرىغا بېرىپ چىرايلىرىدىن مالاللىق ئالامىتىنى كۆرگىنىمدىن، «نېمىشقا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ؟» دېگەن سوئالنى ئىشىتىشنىڭ ياخشىراق ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

دەرۋىشتىن ھۆكۈمدار سورىدى: «نەچۈن كەلمىدىڭ ئالدىمغا بۇنچىلىك ئۇزاق؟»

ئۇل دېدى: «(نېمىشقا كەلدىڭ؟) دېگەندىن (نېمىشقا كەلمىدىڭ؟) دېگەن ياخشىراق!»

ئۈچىنچى رەۋزە

## شاھلىق ۋە ئادالەت بابىدا پادىشاھلارنىڭدانالىقى ھەققانىيەت ۋە ئادالەتتۇر. تاشقى يالتىراقلىق جالالەت[③] ئەمەس

## ھېكايەت

تارىخ كۆرستۈركى، جاھان سەلتەنىتى بەش مىڭ يىل داۋامىدا كۆپپار مۇغلار[④] قولىدا بولدى ۋە دۆلەت شۇلار سۇلالىسى قولىدا تۇردى. چۈنكى، ئۇلار ئەدىل كۆرسەتتى ۋە زۇلۇمنى راۋا كۆرمىدى.

ئۆلكىنى ساقلاشتا ئەڭ كېرەكلىكى
ئەقىل، ئىنساپ ئېرۇر، كۆپرىدىن ئەمەس.
دۇنيا تەرتىپىنى ساقلىغۇچى شاھ
دىنسىز بولسا ھەمكى، ئادىل بولسا بەس!

## ھېكمەت

پادىشاھلارنىڭ يېقىن كىشىلىرى ئۆتكۈر پىكىرلىك ھەكىملەر[⑤] بولۇشى، ھەرگىز ھەزىلكەش نەدىملەر[⑥] بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى

① پەرسەڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ.
② ئىنتىھا — سوڭ، ئاخىر، نىھايەت.
③ جالالەت (جەلالەت) — بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق، ئۇلۇغۋارلىق، شانلىق، شەرەپلىك.
④ مۇغلار — قەدىمكى ئىران ئاتەشپەرەسلىرى.
⑤ ھەكىم — بىلىمدان، دانىشمەن تېۋىپ، پەيلاسوپ.
⑥ نەدىم — شاھ سارىيىدىكى سۆھبەتداش، خىزمەتكار، مەھرەم.

پادشاھلار ئالدىنقىلار ئارقىلىق يېتۈكلۈك چوققىسىغا كۆتۈرۈلۈر، كېيىنكىلەر كاساپىتىدىن پەسلىك ھاڭىغا ئىتتىرىلۇر.

دانالار ئاغزىدىن تۆكۈلۈر گۆھەر،
كىم كۆكسىدىن خەزىنە قىلالىسا ئەلا.
ھېكمەت خەزىنىسى دانالار دىلى،
ئۇندىن يىراق تۇتما ئۆزۈڭنى ئەسلا.

### ھېكايەت

بىر كۈنى سەھەردە مەجۇسىيلار ئىبادەتخانىسىنىڭ باشلىقى قۇبادشاھ① بىلەن بىرگە ئاتلىق سەپەرگە چىقتى. يولدا مەجۇسىيلار باشلىقىنىڭ ئېتى شاتراقلاپ، ئارقا پۇتلىرىنى تاكى تۇياقلىرىغىچە بۇلغاپ تاشلىدى. بۇ ھالدىن ئۇيىلىپ ئۇنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

شۇ چاغدا قۇبادشاھ ئۇنىڭدىن:

— شاھ بىلەن سەپەرگە چىقىش قائىدىلىرى قانداق؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇلاردىن بىرى، — دېدى مەجۇسىيلار باشلىقى، — ئەتىگەندە پادشاھ بىلەن ئاتلىق سەپەرگە چىقىدىغان كىشى ئېتىغا كۆك ئوت بەرمەسلىكى ۋە ئۆزىنى ئۇياتقا قويماسلىقى كېرەك.

— مانا شۇ پاراستىڭ ۋە ئىنچىكىلىكىڭ تۈپەيلى شۇ دەرىجىگە يېتىپسەن، — دېدى پادشاھ.

ياخشىلىق يولىدىن تېيىپ كېتىدۇ،
نادان تەبىئەتتى بىلەن ئىش تۇتۇپ.
ھەتتاكى ھايۋاننى تەربىيە ئېتەر،
دانا ئۆز ئەقلىنى رەھنەما② ئېتىپ.

### ھېكمەت

سۇلتانلارغا يېقىن كىشىلەر ئېگىز تاغقا چىققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ھامان بىر كۈنى سۇلتان غەزىپى زىلزىلىسى ياكى زامان سىلسىلىسى③ ئۇلارنى تاغ جىنسىدەك ئىرغىتىپ تاشلايدۇ. ھېچ شۇبھە يوقكى، ئېگىزدىن يىقىلغان قاتتىقراق يىقىلىدۇ، پەستىن چۈشكەن يۇمشاقراق.

ئېگىزدۇر شاھ ئىلە دوستلۇق ئايۋانى،
كۆپ ئېگىزلەپ كېتىشتىن ھەزەر قىل، ھەزەر.
قورقىسەن بىر كۈنى يىقىلغىنىڭدا،
يىقىلمىغىل تېخى ھەممىدىن بەتتەر.

### ھېكايەت

نۇشىرۋان④ نورۇز ياكى ئارام كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مېھمان چاقىرىپتۇ. ئۇ زىياپەتتە ئولتۇرغان قېرىنداشلىرىدىن بىرىنىڭ ئالتۇن قەدەھنى قوينىغا تىقىۋالغىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ، لېكىن ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ئۈندىمەي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا ساقىي:

— ھېچكىم چىقمىسۇن، ئالتۇن قەدەھ يوقالدى، مەن ھەممىڭلارنى ئاختۇرۇپ كۆرىمەن، — دەپتۇ.

— بولدى قىل، — دەپتۇ ئۇنىڭغا

① قۇباد — قۇباد I ، ئىران ساسانىيلار دۆلىتى شاھى، 531 — 488 - يىللاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.
② رەھنەما — يولباشچى، يول كۆرسەتكۈچى.
③ سىلسىلە — زەنجىر، قاتار، تىزىم؛ بۇ يەردە: كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىدىغان ۋەقە - ھادىسىلەر مەنىسىدە.
④ نۇشىرۋان — 579 — 531 - يىللاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ساسانىيلار شاھى، «ئەنۇشىرۋان، نوشىن رەۋان» مۇ دېيىلىدۇ، ئادىل پادشاھ تىمسالى.

نۇشىرۋان، — ئالغان بەرمەيدۇ، كۆرگەن ئېيتمايدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شۇ كىشى نۇشىرۋان ھۇزۇرىغا كەپتۇ. قارىسا ئۇنىڭ ئۇستىدە يېڭى كىيىم، پۇتىدا يېڭى ئۆتۈك. نۇشىرۋان ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئىما قىلىپ:

— بۇ شۇنىڭدىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى تونىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ، ئۆتۈكىنى كۆرسىتىپ: — بۇ ھەم شۇنىڭدىن، — دەپتۇ.

پادىشاھ كۈلۈپ تاشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى قىلمىشىنىڭ يوقسۇزلۇق ۋە زۆرۈرەت تۈپەيلىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا مىڭ مىسقال ئالتۇن بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئىنكار قىلما، كەرەمدىن[①] بولما مەھرۇم،
كەرەملىك شاھ گۇناھىڭدىن بولسا ئاگاھ.
ئىنكار ئېتىش گۇناھتىن ھەم ئېغىرراقتۇر،
ھەرقانچىلىك بولسا ھەمكى ئېغىر گۇناھ.

### ھېكايەت

ھەججاج[②] ئوق ۋاقتىدا لەشكەرلىرىدىن ييراقلاپ كېتىپ ئېزىپ قاپتۇ. بىر تۆپىلىككە چىقىپ قارىسا، بىر بەدەۋى ئەرەب جۇلدۇر كىيىمىنى يېيىپ پىت بېقىپ ئولتۇرغان، ئەتراپىدا تۆگىلىرى ئوتلاپ يۈرۈشكەنىكەن. تۆگىلەر ھەججاجنى كۆرۈپ ئۈركۈپ كېتىپتۇ. ئەرەب بېشىنى كۆتۈرۈپ زەردە بىلەن:

— بۇ چۆلگە كۆز قاماشتۇرغۇچى كىيىم كىيىپ كەلگەن كىشىنىڭ بېشىغا خۇدانىڭ لەنىتى ياغسۇن، — دەپتۇ.

ھەججاج ھېچنېمە دېمەي، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي ئەرەب، — دەپتۇ.

— ساڭا سالام قايتۇرغۇم يوق، ساڭا خۇدادىن رەھمەت ھەم بەرىكەت تىلىمەسمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەدەۋى.

ھەججاج ئۇنىڭدىن سۇ سوراپتۇ:

— ئاتتىن چۈش، سۇنى خارلىق ۋە مۆمىنلىك بىلەن ئىچكىن. خۇدا ھەققى، مەن سېنىڭ يولدىشىڭ ياكى نۆكىرىڭ ئەمەسمەن.

ھەججاج ئاتتىن چۈشۈپ سۇ ئىچىپتۇ ۋە:

— ئەي ئەرەب، ئەڭ ياخشى ئادەم كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سېنىڭدىن يىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

— ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب[③] توغرىسىدا پىكرىڭ قانداق؟ — يەنە سوراپتۇ ھەججاج.

— ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولماس.

— ئابدۇل مەلىك بىننى مەرۋان[④] قانداقراق كىشى؟

ئەرەب ھېچنېمە دېمەپتۇ.

— ئەي ئەرەب، ماڭا جاۋاب بەر، — دەپتۇ ھەججاج.

— يامان ئادەم، — دەپتۇ ئەرەب.

— نېمىشقا؟

— ئۇ خاتا ئىش قىلدى ۋە شۇنىڭ كاساپىتىدىن دۇنيا مەغرىبتىن مەشرىققىچە

---

① كەرەم — ياخشىلىق، ساخاۋەت، مەرھەمەت، مۇرۇۋۋەت، ھىممەت.

② ھەججاج ئىبنى يۇسۇف — ئەرەب لەشكەر بېشى، ئىراق ھاكىمى، 661 — 714 - يىللاردا ياشىغان. پارس ئەدەبىياتىدا ئۇ زالىم ئوبرازىدا نامايان بولىدۇ، ئەمما ئۇ يەنە پاساھەتلىك سۆز قەدرىگە يەتكەن.

③ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ۋە كۈيئوغلى، تۆتىنچى خەلىپە (656— 661)، شىئەلەرنىڭ بىرىنچى ئىمامى.

④ ئابدۇل مەلىك بىننى مەرۋان — ئۇمەييە خەلىپىلىرىدىن بىرى (685 — 705)، ھەججاج ئۇنىڭ ئىراقتىكى ھاكىمى بولغان.

زۇلۇمغا تولدى.

— قانداق خاتا ئىش قىلدى؟

— ئۇ پاسىق ۋە ناپاك ھەججاجنى مۇسۇلمانلارغا ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى.

ھەججاج ھېچنېمە دېمەپتۇ.

شۇ چاغدا بىر قوش قانداقتۇر بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ.

ئەرەب ھەججاجغا قاراپ دەپتۇ:

— سەن زادى كىم بولىسەن؟

— نېمىشقا بۇ سوئالنى سوراپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ ھەججاج جاۋاب ئورنىغا.

— ئۇچۇپ ئۆتكەن قوش ماڭا بىر خەۋەر بەردى. بۇ يەرگە بىر قوشۇن يېقىنلىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەمىرى سەن ئىكەنسەن... — ئەرەبنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ ئەسكەرلەر يېتىپ كەپتۇ ۋە ھەججاجغا سالام بېرىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەرەبنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ كېتىپتۇ.

ھەججاج ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىشكە ئەمىر قىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممەيلەن ناشتا قىلىشقا داستىخان ئەتراپىغا يىغىلغاندا، ھەججاج ئەرەبنى چاقىرتىپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي ئەمىر، — دەپتۇ بەدەۋى ھەججاجنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېلىۋېتىپ.

— مەن سېنى دورىمايمەن، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپتۇ ھەججاج ۋە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ.

— تاماق يەمسەن؟

— تائاملار سېنىڭكى، — دەپتۇ بەدەۋى، — ئەگەر رۇخسەت قىلساڭ يەيمەن.

— ئىجازەت، — دەپتۇ ھەججاج.

بەدەۋى داستىخاننىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ تاماققا قول سوزۇۋېتىپ دەپتۇ:

— بىسمىللا، ئىنشائاللا، تائامدىن كېيىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى خەيرلىك بولغاي.

ھەججاج كۈلۈپ تاشلاپتۇ ۋە:

— تۈنۈگۈن مېنىڭ بېشىمدىن نېمە ئىش ئۆتكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— خۇدا يارىڭ بولسۇن، تۈنۈگۈن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سىرنى ئاچمىغىن.

— ئەي ئەرەب، مۇنۇ ئىككى ئىشتىن بىرىنى ئىختىيار قىل، يا مېنىڭ يېنىمدا قال، مەن سېنى يېقىنلىرىم قاتارىغا قوشۇۋالاي، ياكى ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان قېشىغا ئەۋەتەي ۋە ئۇ توغرىسىدا دېگەن سۆزلىرىڭنى يەتكۈزەي. ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن.

— يەنە بىر يولى بار، — دەپتۇ بەدەۋى.

— قانداق يول؟

— مېنى قويىۋەت، ساق ـ سالامەت ئۆز مەنزىلىمگە يېتىۋالاي. سەنمۇ مېنى كۆرمە، مەنمۇ سېنى زادىلا كۆرمەي.

ھەججاج كۈلۈپ تاشلاپتۇ ۋە بەدەۋىگە مىڭ دىرھەم پۇل بېرىپ يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇشقا ئەمىر قىلىپتۇ.

مەرد كىشى سۆز لۇتفى ـ خىتاب ھۆسنىدە،
زالىملارنى قايتۇرالىسا ياخشى.
كەرەمنى ئۇنتۇغان سېخىينى بولسا،
ساخاۋەت يولىغا بۇرالىسا ياخشى.

## ھېكايەت

ھۆرمۇز ئىبنى شاپۇرنىڭ① ۋەزىرى ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللاپ: «دېڭىز سودىگەرلىرى نۇرغۇن مەرۋايىت ئەكەلگەنىكەن، مەن ئۇلارنى يۈز مىڭ دىنارغا ئالىيلىرى ئۈچۈن سېتىۋالدىم. ئەمما

① ھۆرمۇز ئىبنى شاپۇر — ساسانىيلار پادشاھلىرىدىن بىرى.

ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، شاھ بۆلارنى خالىماس ئىمىش. ئەگەر راستلا شۇنداق بولسا، ئۇ چاغدا مەرۋايىتلارنى پالان سودىگەرگە يەنە يۈز مىڭ دىنار پايدىسىغا سېتىشىم مۇمكىن» دەپتۇ.

ھۆرمۇز شۇنداق جاۋاب ئەۋەتىپتۇ: «ئىككى يۈز مىڭ دىنارنىڭ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە نېمە قەدرى بولسۇن! ئەگەر بىز سودىگەرلىك قىلساق، پادىشاھلىقنى كىم قىلۇر ۋە سودىگەرلەر نېمە بىلەن مەشغۇل بولۇر؟»

پادىشاھلار شەنىگە بۇنداق ئىشلار ياراشماس،
مالۇ دۆلەت يىغاي دەپ، بولۇپ ئالسا سودىگەر.
قىلىشىدۇ نېمە ئىش ئۇ چاغ سودىگەر ئەھلى،
شاھ جاھاندا سودىنى ئۆزىگە قىلسا ھۈنەر.

## ھېكايەت

مۆمىنلەر ئەمىرى ئۆمەر[1] خەلىپىلىك قىلىۋاتقان چاغدا مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە بىر تامىنى سۇۋاۋاتقانىدى، بىر يەھۇدىي كېلىپ:

— بەسرە ھاكىمى مەندىن يۈز مىڭ دىنارلىق رەخت ئالغانىدى، ئەمما پۇلىنى بەرمەيۋاتىدۇ، — دەپ شىكايەت قىلدى.

— قەغىزىڭ بارمۇ؟ — سورىدى ئۆمەر.

— يوق، — دېدى يەھۇدىي.

خەلىپە ئۆمەر يەردىن بىر ساپال پارچىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ئۈستۈڭدىن شىكايەت قىلغۇچىلار سانسىز، ئەمما سەندىن مەمنۇن بولغانلار تېپىلمايدۇ. يا شىكايەتتىن ئادا بول، يا ھاكىمىيەتتىن يىراق بول» دەپ يازدى ۋە ئاخىرىغا: «يازغۇچى ئۆمەر ئىبنۇل خەتتاب» دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇنىڭغا مۆھۈرمۇ باسمىدى، ئىمزامۇ چەكمىدى. ئەمما، ئۇنىڭدا شۇنداق ئادالەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە سىياسەتنىڭ ھەيۋىسى بار ئىدىكى، يەھۇدىي ئۇنى بەسرە ھاكىمىغا بەرگىنىدە، ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ يەرنى ئۆپتى ھەم ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان يەھۇدىيغا قەرزنى تولۇقى بىلەن تۆلىدى.

پادىشاھدا بولمىسا گەر سىياسەت،
گۇستاخلار[2] قولىدا بولۇر خارۇ زار.
چىش - تىرناق قالمىغان قېرى شىرنى كۆر،
چولاق تۈلكە ئاڭا بېرىدۇ ئازار.

## ھېكايەت

ھاشىمىيلار[3] ئەۋلادىدىن بولغان بىر بالا ئابرۇيلۇق بىر ئەرباقا ئەدەپسىزلىك قىلدى. بالىنىڭ تاغىسىغا شىكايەت يەتتى. تاغىسى ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى.

— ئەي تاغا، — دېدى بالا، — مەن قىلىدىغاننى قىلىپ قويۇپتىمەن، ئەقلىم يوق ئىكەن، ئەمدى نېمە قىلغۇڭىز كەلسە، شۇنى قىلىڭ، ئەمما ئۇنتۇماڭكى، سىزنىڭ ئەقلىڭىز بار.

بىراۋ ئەخمەقانە ئىش قىلسا ساڭا،
ئالىيجانابلىق قىل، ئازارىن ئۇنۇت.
نەپس - ھاۋا، جاھالەت كەلمىسۇن غالىب،

① ئۆمەر — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپدىشى، دەسلەپكى تۆت خەلىپىنىڭ ئىككىنچىسى.
② گۇستاخ — ئەدەپسىز؛ يېتىمرقىماس، ھېيىقماس، تەپ تارتماس (ئادەم).
③ ھاشىمىيلار — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇقى، ھاشىم ئىبنى ئەبدۇلمەنناف ئەۋلادلىرى.

ئەقلىڭ پەرمانىغا مۇۋاپىق ئىش تۇت.

### هېكايەت

ھەججاجغا قارشى ئىسيانچىلاردىن بىر ئايالنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى.

ھەججاج ئايالغا گەپ قىلغاندا، ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يەردىن كۆزىنى ئۈزمەس، سۆزلىرىگە جاۋابمۇ بەرمەس، ئەتراپىغا باقماس ۋە پەرۋامۇ قىلماس ئىدى.

ئۇ يەردە تۇرغانلاردىن بىرى ئۇ ئايالغا قاراپ:

— ئەمىر ساڭا گەپ قىلىۋاتسا، نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايسەن؟ — دېدى.

— مەن خۇدايىتائالادىن ئۇيىلىمەن، — دېدى ئايال، — خۇدا نەزەر قىلمىغان كىشىگە مەن قايسى كۆزۈم بىلەن قارىغۇدەكمەن؟

باقمىغىن زالىمنىڭ يۈزىگە زىنھار،
دوزاخ ئوتىدۇر ئۇ گوياكى ئۆزى.

### هېكايەت

ئىسكەندەردىن:

— سەن تېخى ياشلىق ۋە نەۋقىرانلىق چېغىڭدىلا قانداق قىلىپ بۇ دۆلەتۇ سەلتەنەت ۋە كەڭ مەملىكەتكە ئېرىشتىڭ؟ — دەپ سورىغىنىدا، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ئاداۋەت دائىرىسىنى تارايتىش ئۈچۈن، دۈشمەنلىرىمگە نىسبەتەن خۇش مۇئامىلىدە بولدۇم، دوستلۇق كۈچەيسۇن دەپ، دوستلارغا سادىق بولدۇم.

سەن ئىسكەندەر دۆلىتىنى ئارزۇلىساڭ، ياق چىراق،
ياۋلىرىڭنى يار قىلغىن، دوستلىرىڭنى يېقىنراق.

### هېكايەت

بىر كۈنى ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ لەشكەر باشلىرى بىلەن ئولتۇرار ئىدى.

— سۇبھانالللا، خۇدا ئالىيلىرىغا كاتتا سەلتەنەت بەردى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — خوتۇنلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتكەيلا، تاكى باللىرى كۆپ بولغاي ۋە دۇنيادا ناملىرى ئۆچمىگەي.

ئىسكەندەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ دېدى:

— كىشىنىڭ نامى دۇنيادا پەرزەنت بىلەن ئەمەس، خۇش خۇلقى ۋە ياخشى ئەمەللىرى بىلەن قالغۇسى. دۇنيادا نى - نى ئوغلانلارنى يېڭىپ، خوتۇنلاردىن يېڭىلگەن ئوغلان ئەمەس.

ئاتىسىغا نامەلۇمدۇر ئوغۇل قانداق بولغۇسى،
ئەقلىسىزلەر توپىدىنمۇ يا ئەقىللىق بىر دانە.
ئۆز قىلمىشىڭ — پەرزەنتىڭ، كامالغا يوللا شۇنى
پەرزەنت كۆتۈپ خوتۇنلار قولى بولمىغىن ئەسلا.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى)



# «ئالتۇن يايلاق»تىن

مەسئۇدى

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن پالتا ھەيرانى

**تەرجىمە قىلغۇچىدىن:** مەسئۇدى ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ۋە ساياھەتچىسى. ئۇنىڭ چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى «ئالتۇن يايلاق»نىڭ 1998 ـ يىلىدىكى «خەنزۇچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز» يېزىپ بەرگەن پروفېسسور ناجوڭ (纳忠) ئەپەندى ۋە مەزكۇر ئەسەرنى جۇڭگودا تۇنجى قېتىم فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان گىڭ شېڭ (耿昇) ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىغا ئاساسلانغاندا، بىزگە تۆۋەندىكى ئەھۋاللار مەلۇم بولدى:

مەسئۇدى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە باغداتتا تۇغۇلغان (كونكرېت يىل، ئاي، كۈن نامەلۇم)، تولۇق ئىسمى ئەبۇھەسەن ئەلى بىننى ھۈسەيىن مەسئۇدى. ئۇ نەسەب جەھەتتىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان ھىجازلىق ئىبنى مەسئۇدىينىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، ئاشۇ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئىسمىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە مەسئۇدى دەپ ئات قويغان.ئۇ ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئەينى زاماندا مۇسۇلمان ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ئەۋج ئالغان «ئىلمىي ساياھەت» قىلىشقا بەل باغلىغان. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي ساياھىتى مىلادىيە 910 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، پېرسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، سەيلون (ھازىرقى سىرىلانكا) غا بارغان، ئارقىدىن، مالايسىيا تاقىم ئاراللىرى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسىغا قەدەر كەلگەن.ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى مىلادىيە 920 ـ يىلى باشلىنىپ، پەلەستىن، سۇرىيە، ئەنتاكىيە[①]، كاۋكاز، ئەزەر بەيجانلارغىچە بارغان. ئۇ ساياھەت جەريانىدا ئۆزى بارغان جايلارنىڭ خەلقى، تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، جۇغراپىيىسى، ئاسار ئەتىقىلىرى، كلاسسىك ئەسەرلىرى، مەشھۇر

① ئەنتاكىيە ــ تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەدىمكى شەھەر، مىلادىيىدىن 300 يىل بۇرۇنقى سالىقۇس دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان.

شەخسلىرى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ خاتىرە قالدۇرغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مىسىردا ئولتۇراقلىشىپ، يازغان خاتىرىلىرىنى رەتلەپ، تەتقىق قىلىپ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋاجىدىي، مەقدىشىي، ئىبنى ھىسام، تەبەرىي قاتارلىق ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ۋە باشقا ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ، بىرمۇنچە مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. ئۇ مىلادىيە 956 ـ يىلى مىسىرنىڭ فۇستەت دېگەن يېرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەسئۇدىينىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشتىكى تىرىشچانلىقى، نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ، شۇنچە مول بىلىملەرنى ئىگىلەپ، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بىرمۇنچە مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققانلىقى ئەرەبلەر تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك مىراسى دەپ قارالغان. شۇڭا، ئەرەب تارىخشۇناسلىرى مەسئۇدىينى «تارىخ ئىلمىنىڭ ئىمامى» دەپ ھۆرمەتلىسە، ياۋروپا تارىخچىلىرى «ئەرەبلەرنىڭ ھېرودوتى»① دەپ ئاتىغان. ئەپسۇسكى، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكلىرى، مەسىلەن، چىڭگىزخان ئىستىلاسى، ئەھلىسەلىبنىڭ دەپسەندە قىلىشى، ئۇنىڭدىن باشقا تەبىئىي ۋە سۈنئىي بالايىئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، بەختكە يارىشا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن بىرگە مەلۇم بولغىنى «ئالتۇن يايلاق» دېگەن ئەسىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئەسەر ئۆزۈندىن بۇيان دۇنيا تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى، ئىسلامىيەت تارىخىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى، ئەرەب ئەللىرى ۋە پېرسىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىپتىدائىي ماتېرىيال دەپ قارىلىپ كەلگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا فرانسىيە ئالىملىرىدىن باربېردې مېينارد (Barbierde Meynard) بىلەن پاۋېتدې كوتېللې (Pavetde Couteille) بۇ ئەسەرنى ئەرەبچىدىن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ تەرجىمە نۇسخا فرانسىيە ئاسىيا ئىلمى جەمئىيىتى (Societe Asiatique) تەرىپىدىن بىر بەتكە ئەسلىي ئەرەبچە نۇسخىسى بىلەن فرانسۇزچە تەرجىمىسىنى بېسىش ئۇسۇلى بويىچە 9 جىلد قىلىپ ئىشلىنىپ، 1861 ـ يىلدىن 1877 ـ يىلىغىچە نەشر قىلىنغان. كېيىن يەنە شۇ جەمئىيەت فرانسۇزچە تەرجىمىسىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ تۈزىتىپ، 1993 ـ يىلىغىچە تۆت تومىنى نەشر قىلدۇرغان. كىتابنىڭ تولۇق نامى «ئالتۇن يايلاق ۋە جاۋاھىراتلار خەزىنىسى» بولۇپ، فرانسۇزچە تەرجىمىسىدە قىسقارتىپ «ئالتۇن يايلاق» دەپ ئېلىنغان.

دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخ ئالىملىرى بۇ كىتابنى تونۇشتۇرغان، تەرجىمە قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ستاتىلارنى ئالغان بولسىمۇ، 1998 ـ يىلىغىچە خەنزۇچىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنمىغان.

1985 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مەملىكىتىمىزدىكى خۇيزۇلارنىڭ مەشھۇر ئالىمى، ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسى، بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ناجۇڭ ئەپەندى ئەينى چاغدىكى دۆلەت مىللەتلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستاننى زىيارەت قىلىش سەپىرىدە مەزكۇر كىتابنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدىن گىڭ شىڭ ئەپەندى بۇ ئەسەرنى ئەڭ يېڭى فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن

---

① ھېرودوت ــ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 480 ــ 490 ـ يىللار ياكى مىلادىيىدىن تەخمىنەن 425 يىل بۇرۇن ئۆتكەن يۇنان تارىخچىسى بولۇپ، «تارىخ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە يۇنان بىلەن پېرسىيە ئۇرۇشىنى تەسۋىرلەپ، ئەھمانىيلار سۇلالىسى ۋە مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى بايان قىلغان. سېكتايلار (ساكلار)نىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق تونۇشتۇرغان (سابىق «سوۋېت ئىتتىپاقى ئېنسىكلوپېدىيە لۇغىتى» 1413 ـ بەتكە قارالسۇن).

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ 1 ـ بابىدىن 69 ـ بابىغىچە (پۈتۈن كىتاب جەمئىي 131 باب) بولغان 1 ـ، 2 ـ توملىرى بىر كىتاب قىلىنىپ، 1998 ـ يىلى چىنجياڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

مەسئۇدىينىڭ دۇنياغا مەشھۇر «ئالتۇن يايلاق» ناملىق بۇ ئەسىرىنىڭ 15 ـ بابىدا تارىختا ئۆتكەن ئەجدادىمىز ئافراسىياب، تۈرك قەبىلىلىرى، قىماقلار، بارسغانلار، ئوغۇزلار، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرى، شۇنداقلا باشقا ئىشلار توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەنلىكتىن، شۇ بابنىلا تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

## ئون بەشىنچى باب

## جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى ۋە تۈركلەرنىڭ پادىشاھى ئامۇر[1] ئەۋلادلىرىنىڭ تارقىلىشى، جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار، پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە سىياسىي تۈزۈملىرى

جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ نەسەبلىرى ۋە كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا كۆپچىلىكنىڭ قاراشلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بىرمۇنچە كىشىلەر فارۇق (بۇ كىشى غۇبارنىڭ ئوغلى، غۇبار سالىھنىڭ ئوغلى، سالىھ ئەرفەسادنىڭ ئوغلى، ئەرفەساد سامنىڭ ئوغلى، سام نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى) زامانىدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا زېمىن تەقسىماتى بولغاندا، ئامۇر (بۇ كىشى تۇبىلنىڭ ئوغلى، تۇبىل ياپەسنىڭ ئوغلى، ياپەس نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى)نىڭ ئەۋلادلىرى شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى، يەنى رېئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ ماڭغانچە شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، يىراق ـ يىراقلارغا تارقىلىپتۇ، بىرقانچە پادىشاھلىق، يەنى دايلام، گىلان، تەيلىسەن، بابىر، موغان ۋە كاۋكاز رايونىدىكى لېسگىلېن قوۋملىرى بارلىققا كەپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھازارلار، ئابخازلار، ئاۋارلار (سارىرلار)، كاشاكلار ۋە بۇ رايونلارغا تارقالغان باشقا مىللەتلەر تاكى تېرابازوندا، مايوتىس دېڭىزى، قارا دېڭىز، كاسپىي دېڭىز (ئىچكى كۆل) غا قەدەر يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار، ھەتتا بۇلغارلار ۋە ئۇلارغا قوشنا مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىكەن.

ئامۇرنىڭ باشقا ئەۋلادلىرى ئوخسۇس[2] دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ، كۆپ قىسمى جۇڭگوغا بېرىپتۇ. ئۇلار بىرقانچە كىچىك گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ، ئوخشاش بولمىغان رايونلارغا تارقىلىپتۇ. مەسىلەن، خوتتالانلار (خوتتالاندا ئولتۇراقلاشقان)، رۇۋسەنلەر، ئۇسرۇشنا، سوغدى (سوغدىيانا بۇخارا بىلەن سەمەرقەند ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ)، پەرغانە، تاشكەنت، ئىسپىجاپ ۋە فاراب ئاھالىلىرىدەك. بۇ كىشىلەر بەزى شەھەر، يېزىلارنى بەرپا قىپتۇ. باشقىلىرى ئۇلاردىن ئايرىلىپ يايلاقلاردا ئولتۇراقلىشىپتۇ. مەسىلەن، تۈركلەر، قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار. ئۇلار قوچۇ[3] (Kūshan، ūshan)، مەسئۇدىي يېڭىلىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ، بۇ يەر كۇچا ـــ كۇسەن بولۇشى كېرەك ئىدى. ـــ فرانسۇزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) شەھىرىنى ئىگىلەپتۇ. بۇ يەر خۇراسان بىلەن جۇڭگو تۈزلەڭلىك رايونى ئارىسىغا توغرا كېلىدىغان بىر پادىشاھلىقنىڭ مەركىزى ئىكەن. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر بۈگۈنكى

---

① ئامۇر ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: «ياپەسنىڭ ئوغلى بولۇشى مۇمكىن...» دەپ ئىزاھات بەرگەن.

② ئوخسۇس ـــ ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى.

③ بۇ يەردە مەسئۇدىي يېڭىلىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، بۇ جاي كۇچا ـــ كۇسەن بولۇشى كېرەك ئىدى ـــ فرانسۇزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كۈندىمۇ (ھىجرىيە 332 \ مىلادىيە 943 ـ يىلى) يەنىلا تۈركلەرنىڭ ھەرقايسى قوۋم ۋە قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ. ئۇلار ئەڭ باتۇر، ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئەڭ قائىدىلىك ـ يوللۇق مىللەت. ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئۇيغۇرخان (Uygurkhan) دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ مۇشۇ زېمىندىكى بارلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر پادىشاھتۇر. ئۇلار ئەرۋاھلار توغرىسىدىكى دىنىي قائىدىلەرنى تارقىتىدۇ.

تۈركلەر ئىچىدە قىماقلار، بارسغانلار، بېدىللار، ماجارلار (ھونلار) ۋە ئوغۇزلار بار ئىدى. ئۇلار بارلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ باتۇرلاردىن ئىدى. قارلۇقلار بولسا رەڭگىرويى كېلىشكەن، قەددى ـ قامەتلىك، ھەرىكىتى گۈزەل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇلار پەرغانە، تاشكەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا تارقالغان. ھاكىمىيەت دەل مۇشۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا بولغانلىقى ۋە بۈيۈك قاغانمۇ دەل مۇشۇ كىشىلەر ئىچىدىن تاللىنىدىغانلىقتىن، بۈيۈك قاغان بارلىق تۈرك خانلىقلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا مەركەزلەشتۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ھەممە پادىشاھلىرىغا قوماندانلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ بىر قاغانى تۈركلەردىن بولغان ئافراسىياب بولۇپ، ئۇ پېرسىيەنى بويسۇندۇرغۇچىدۇر؛ (قاغانلارنىڭ) يەنە بىرى شابىھ (shabeh) دۇر. سەمەرقەند قۇملۇقىدىكى ئەمەد شەھىرى غايىب بولغاندىن بۇيان، تۈركلەردە پادىشاھلار قاغاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغان ئىشلار قالماپتۇ. «ئۆتكەن زامان تارىخى»[1] ناملىق كىتابىمىزدا بۇ شەھەرنىڭ قانداق ئەھۋالدا، نېمە سەۋەبتىن ئۆز ھاكىمىيىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى تونۇشتۇرغانىدۇق.

ئامۇر ئەۋلادلىرىنىڭ يەنە بىر تارمىقى ھىندىستان چېگرىسىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئۇلارغا شۇنچە زور تەسىر كۆرسىتىپتۇكى، رەڭگىرويى تۈرك سىياقىدىن ئۆزگىرىپ ھىندىلارنىڭكىگە ئوخشاپ قاپتۇ. ئۇلار شەھەردە ئولتۇراقلىشىپتۇ، كىگىز ئۆيلەردە ياشايدىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى تىبەتكە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ ۋە ئۆز ئىچىدىن بۈيۈك قاغانغا بويسۇنىدىغان بىر پادىشاھ سايلىۋاپتۇ. بىراق، بۇ پادىشاھ تەخداشسىز ھاكىمىيەتكە بويسۇنۇشنى توختاتقان كۈندىن تارتىپ (يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك) تىبەت ئاھالىسى قەدىمكى تۈرك پادىشاھلىرىنى دوراپ، ئۇنى قاغان دەپ ئاتاپتۇ، ئۇ «قاغانلارنىڭ قاغانى» دېگەن مەنىدە ئىكەن.

ئامۇر ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاكى جۇڭگو چېگرىسىغا قەدەر يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بۇ رايونلاردا تارقىلىپ ۋە ئولتۇراقلىشىپ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ؛ ناھىيە، ۋىلايەت، شەھەرلەرنى بىنا قىپتۇ؛ ئۆزلىرى ياڭجۇ[2] دەپ ئاتىشىدىغان بىر چوڭ شەھەرنى مەركەز قىپتۇ. بۇ مەركىزىي شەھەردىن ھىندى ئوكيانىغىچە، يەنى جۇڭگو دېڭىزىغىچە بولغان ئارىلىق ئۈچ ئايلىق مۇساپە بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن شەھەرلەر ۋە ئېكىنزارلىقلار ئۈچراپ تۇرىدىكەن.

مەزكۇر دۆلەتنىڭ ياڭجۇدا تۇرۇشلۇق تۇنجى پادىشاھى ناستارتەس (Nastartâs) تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئۆز خەلقىنى مۇشۇ رايونغا تارقىتىپ كاناللارنى قازدۇرۇپتۇ، ۋەھشىي ھايۋانلارنى يوقىتىپ، دەل ـ دەرەخ تىكتۈرۈپتۇ ۋە باغۇەنچىلىك قىلىپ، ئۇلاغچىلىق كەسپىنى بەرپا قىلدۇرۇپتۇ. ئۇ 300 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەۋن (Awûn) ئىسىملىك بىر ئوغلى ۋارىسلىق قىپتۇ. بۇ شاھزادە ئاتىسىغا بولغان ئىچ ئاغرىقىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇنى خاتىرىلەپ تۇرۇشنى

[1] «ئالتۇن يايلاق»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، «ئۆتكەن زامان تارىخى» ناملىق كىتاب مەسئۇدىينىڭ ئەينى چاغدا يازغان يەنە بىر مەشھۇر ئەسىرى بولۇپ، ھازىرغىچە تېپىلمىغان.

[2] ياڭجۇ توغرىسىدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھاتىدا «ئەسلىي ئەسەردە Ansū دېيىلگەنىكەن، بىز ئۇنى Yansū=Yancū دەپ ئوقۇدۇق» دېيىلىپتۇ. ئەرەبچىسى قانداق يېزىلغانلىقى نامەلۇم.

مەقسەت قىلىپ، پۇقرالارنى جەسەتنى ياقۇت كۆزلۈك تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئالتۇن ھەيكەل ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە پۇقرالىرى بىلەن بىللە مەرھۇم پادىشاھنىڭ جەسىتى سېلىنغان ئالتۇن ھەيكەل ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تەزىم قىلىدىكەن. ئۇ 250 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى ئەيتادۇن (Aythadûn) دېگەن ئوغلى ئىگىلەپتۇ. ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى ئالتۇن ھەيكەل ئىچىگە ئورنىتىپ، ھەيكەلنى يەنە ئالتۇندىن ياسالغان تەخت ئۈستىگە جايلاشتۇرۇپ، بوۋىسىنىڭ ھەيكىلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قويۇپتۇ. ئۇ ئاۋۋال بوۋىسىنىڭ ھەيكىلىگە تەزىم قىلىپ، ئاندىن ئاتىسىنىڭ ھەيكىلىگە تەزىم قىلىدىكەن، پۇقرالىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇنداق قىلىدىكەن. بۇ پادىشاھ پۇقرالىرىغا ئالاھىدە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ھەرقانداق ئىشتا باراۋەر مۇئامىلە قىپتۇ، ھەممە كىشىگە ئادىللىق بىلدۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ غەمخورلۇقىدىن پۇقرالىرى ۋە بايلىقلىرى ناھايىتى كۆپىيىپتۇ. ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى 200 يىلدەك داۋاملىشىپتۇ.

ئۇنىڭ تەختىگە ئوغلى ئەيتانەن (Aythan ân) ۋارىسلىق قىپتۇ. بۇ شاھزادىمۇ ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى ئالتۇن ھەيكەل ئىچىگە ئورنىتىپ، ئەجدادلىرىنىڭ قىلغانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئاتىسى ئۈچۈن ھەرخىل خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، تاكى يېقىن دوستى تۈركلەرنىڭ چېگرىسىغا قەدەر يەتكۈزۈپتۇ، ئۇ 400 يىل ياشاپتۇ. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە جۇڭگولۇقلار ئىنتايىن نەپىس ۋە كۆركەم قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى كەشىپ قىپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە ئوغلى خارەتەن (Harātān) ۋارىسلىق قىپتۇ. بۇ پادىشاھ كىشىلەرگە چوڭ كېمە ياسىتىپتۇ. جۇڭگونىڭ ئەڭ ئېسىل مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا مەسئۇل كىشىلەر كېمە بىلەن سىند، ھىندىستان، بابىل قاتارلىق دېڭىز يولى ئارقىلىق يېتىپ بارغىلى بولىدىغان يىراق ـ يېقىندىكى رايونلارغا بارىدىكەن؛ پادىشاھ نامىدىن بۇ جايلارنىڭ پادىشاھلىرىغا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىدىكەن؛ قايتقان چاغلىرىدىمۇ ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەڭ ئېسىل، ھەتتا ئاز ئۇچرايدىغان يېمەكلىك، ئىچىملىك، كىيىم ـ كېچەك، زىلچا ـ گىلەملىرىنى ئالغاچ كېلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بارغان جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى، دىنى، قانۇنلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ كېلىش ۋەزىپىسىمۇ بار ئىكەن، شۇنداقلا چەت ئەللىكلەرنى ۋەتەننىڭ ياقۇت، پۇراقلىق دورا ـ دەرمەكلىرىگە، سايمان ـ جابدۇقلىرىغا قىزىقتۇرۇشقىمۇ مەسئۇل ئىكەن. ئۇلار كېمە بىلەن تەرەپ ـ تەرەپلەرگە بېرىپ، چەت ئەللەرنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدا توختاپ، ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدىكەن. بۇ ئەلچىلەر كېمىسى توختىغانلىكى دېڭىز بويلىرىدا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن تاۋارلارنىڭ ئېسىللىقى بىلەن شۇ جايلاردىكى ئاھالىنىڭ زوقىنى قوزغايدىكەن. ئۆز زېمىنىدىن چوڭ دەريالار ئېقىپ ئۆتىدىغان ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىمۇ كېمە ياسىتىپ، ئۇنىڭغا شۇ ئەلدىن چىقىدىغان ھەرخىل تاۋارلارنى بېسىپ جۇڭگوغا ئەۋەتىدىكەن؛ پادىشاھنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىغا ئېرىشكەنلىكىگە جاۋابەن ئۇنىڭغىمۇ سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو پادىشاھى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدىكەن. نەتىجىدە، بۇ پادىشاھنىڭ قولىدا جۇڭگو گۈللەپ ـ راۋاجلىنىپ، ھاكىمىيەت مۇستەھكەملىنىپتۇ. ئۇ 200 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

خەلق پادىشاھنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىگە چەكسىز قايغۇرۇپ، بىر ئاي ھازا ئېچىپ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆز تەقدىرىنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى پادىشاھ

قىپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى تۇتال ( Tütal ) ئىكەن. ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى ئالتۇن ھەيكەلگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەجدادلىرىنىڭ ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرى گۈللەپ ياشناپتۇ. ئۇ بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلار بىلمەيدىغان ئاقىلانە ئادەتلەرنى قوبۇل قىلىپ قوللىنىپتۇ. ئۇ ئىمپېرىيىنىڭ بىردىنبىر ئاساسى ئادالەت ئىكەنلىكىنى، ئادالەت پەرۋەردىگارنىڭ تارازىسى ئىكەنلىكىنى، پۈتۈنلەي ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، داۋاملىق ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئۆزى ئادالەت بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۆز خەلقىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېسىلزادىلەر تەبىقىسىنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارغا شان - شەۋكەت ئاتا قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاھالىنى دەرىجە بويىچە تۆرتكە ئايرىپ، ھەر كىمنىڭ شۇغۇللىنىدىغان كەسپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇ بىر ئىبادەتخانا سالدۇرۇش ئۈچۈن مۇنبەت بىر پارچە يەرنى تاللاپتۇ. ئۇ يەر گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، سۇغىرىش شارائىتى ياخشى جاي ئىكەن. شۇ يەرگە قۇرۇلۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇل سېلىنىپتۇ. پادىشاھ كىشىلەرگە ئەمر قىلىپ، بۇ يەرگە ھەر خىل رەڭلىك تاشلارنى كەلتۈرۈپ، بىر ئىبادەتخانا سالدۇرۇپتۇ. بىنانىڭ ئۈستىگە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان پەنجىرىلىك گۈمبەز ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە يەنە تەڭرىگە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس بىر ھۇجرىمۇ ياسىتىپتۇ. قۇرۇلۇش تولۇق تاماملانغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئىبادەتخانا ئۆگزىسىنىڭ قىرىغا ھەيكەللەرنى تىزىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەجدادلىرىنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرىمۇ بار ئىكەن. ئاندىن ئۇ يەنە: «مەن مۇشۇنداق قىلمىسام، ئاقىلانىلىك بولمايدۇ. ئىبادەتخانىنىڭمۇ ھېچقانداق كېرىكى بولمايدۇ» دەپ پۇقرالارنى گۈمبەز ئۈستىگە قويۇلغان جەسەتلەرگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ دۆلەتنىڭ كاتتا ئەرباب، ئەركان، ئېسىلزادىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ: بارلىق پۇقرالارنى پەقەت بىر خىللا ئەقىدە - ئېتىقادنىڭ تىزگىنى ئاستىغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بۇ خىل ئەقىدە - ئېتىقاد ئۇلارغا سېلىنغان بىر خىل كىشەن بولىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولغاندىلا تەرتىپ ۋە ئامانلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، بىر ئىمپېرىيىدە تەرتىپ ۋە قانۇن - تۈزۈم ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىمىگەندە، دۆلەتنىڭ ھەر خىل زىيان - زەخمەتكە ئۇچرايدىغانلىقى ۋە تېز گۇمران بولۇش خەۋپىگە يولۇقىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئارقىدىن ئۇ پۇقرالارنى باشقۇرۇش مەقسەت قىلىنغان قانۇنلارنى تۈزۈپتۇ ۋە ئۇلارنى پۇقرالار چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت مىزانى قىلىپ بېكىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتىللار ۋە باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلارنى بىردەك جازاغا تارتىش ئىمتىيازىغا ئىگە بوپتۇ. قانۇنلۇق نىكاھلىنىش بەلگىلىنىپ، ئەرلەر خوتۇن ئېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىپتۇ؛ ئاتا-بالا مۇناسىۋىتى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بوپتۇ. ئېلان قىلىنغان بۇنداق قانۇنلار بىرقانچە تۈرلۈك ئىكەن: بەزىلىرى ئەمەل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش زۆرۈر بولغان، خىلاپلىق قىلسا، جىنايىتىدىن تىنىۋالسا بولمايدىغان مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە قانۇنلار ئىكەن. قالغانلىرى بولسا، نۆۋەتتىن تاشقىرى ۋە مەجبۇرلاش خاراكتېرى يوق قانۇنلار ئىكەن. پادىشاھ پۇقرالارنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتى بولىدىغانلىقىنى، يەنى بىر سوتكىنىڭ مەلۇم ۋاقتىدا پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىپ، بەزى رەسمىيەتلەرنى ئۆتىشى لازىملىقىنى، لېكىن تەزىم قىلمىسىمۇ، تىزلانمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يىللىق، ئايلىق ئىبادەتلەرمۇ بار ئىكەن. بۇنداق ئىبادەتلەردە تەزىم قىلىش، تىزلىنىش زۆرۈر ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى تەنتەنىلىك بايراملارنىمۇ بېكىتىپتۇ.

بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن، پادىشاھ بەزى جازالاش تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ، بۇزۇقچىلىققا تايىنىپ ياشايدىغان ئاياللارنى باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاپتۇ. ئۇلارغا ھەرقانداق

چاغدا تويي قىلىش ھوقۇقى بېرىلمەيدىكەن، ناۋادا ئۇلار بۇزۇقچىلىقنى تاشلىسا، باج تاپشۇرۇشتىن قۇتۇلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئوغۇل باللىرى پادىشاھقا تەۋە بولۇپ، ئەسكەر ياكى قۇل قىلىنىدىكەن؛ قىزلىرى بولسا ئانىسىنىڭ قېشىدا قالدۇرۇلۇپ، ئانىسىنىڭكىگە ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. پادىشاھ يەنە ئىبادەتخانىلارغا نەزىر - چىراغ بۇيۇملىرىنى ئەكېلىپ قويۇش، يولتۇزلارغا ئاتاپ كۆجە كۆيدۈرۈش، ھەرخىل يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش توغرىسىدىمۇ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ۋە قاچان، قانداق كۆجە كۆيدۈرۈش ۋە قانداق دورىلارنى ئىشلىتىش قاتارلىقلارنىمۇ بەلگىلەپتۇ. بۇ پادىشاھ ئۆز خەلقىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى رەتلىك، تەرتىپلىك، ئېھتىياتلىق تەشكىللىگەچكە، ھۆكۈمرانلىق ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ، نوپۇس سانى كۆپىيىپتۇ. ئۇ تەخمىنەن 150 ياشتا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ.

پۇقرالىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن بەكمۇ قايغۇرۇپ، جەسىتىنى ھەرخىل ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن ھەيكەل ئىچىگە قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ كۆركەم، ھەشەمەتلىك بىر ئىبادەتخانا ياساپتۇ. ئىبادەتخانىنىڭ ئۆگزىسىگە ئىككى چوڭ يۇلتۇز① ۋە بەش سەييارىنىڭ شەكلى بىلەن رەڭگىگە تەقلىد قىلىپ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان يەتتە دانە ياقۇت ئورنىتىلىپتۇ. پادىشاھ ۋاپات بولغان كۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان ۋە دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن قىلىپ بېكىتىلىپ، ھەر قېتىم ۋاقتى كەلگەندە، كۆپچىلىك شۇ ئىبادەتخانىغا يىغىلىدىغان بوپتۇ. ئىبادەتخانا ئۆگزىسىنىڭ ھەممە كىشى كۆرەلەيدىغان بىر يېرىگە بارلىق ئىزباسارلارنىڭ چوقۇنۇشى ۋە نەمۇنە قىلىشى ئۈچۈن، مەرھۇم پادىشاھنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ۋە ئالاھىدە تۆھپىلىرى يېزىلغان ئالتۇن مۇنبەر ئورنىتىلىپتۇ. يەنە ئۇنىڭ رەسىمىنى شەھەر قوۋۇقىغا، تىللا ۋە تۇچ، مىس پۇللارغا ئويۇپ چىقىرىپتۇ. بۇ پۇللار پادىشاھنىڭ پۇل، مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ رەسىمىنى توقۇلما بۇيۇملارغىمۇ بېسىپتۇ.

ئاخىردا ياڭجۇ② ھۆكۈمەت تۈرۈشلۇق جاي قىلىپ بېكىتىلىپتۇ. خۇددى بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ يەر دېڭىزدىن ئۈچ ئايلىق كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق چوڭ شەھەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ قىيپاچ شەرق تەرىپىدە، يەنى توبوت يۆنىلىشى تەرەپتە مىدو (Mdo ياكى Mdhū \ Mad) دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بىر شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەر خەلقى توبۇتلەر بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ پادىشاھلىقنىڭ تەختىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىگىلەپ كەلگەن پادىشاھلار بايا بىز زىكىر قىلىپ ئۆتكەن پادىشاھ تۈزگەن قانۇنلارغا سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلغانلىقتىن، مەملىكەت ئۈزلۈكسىز گۈللەپ ياشناپتۇ. ئۇلار مول بايلىق ۋە مەھسۇلاتلار، ئادىل قانۇن ئارقىلىق ئۆز ئىمپېرىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. زوراۋانلىق سىياسەتلىرى بىكار قىلىنىپتۇ. ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇرۇپتۇ. چېگرا بويلىرىغا قوشۇن تۇرغۇزۇپتۇ. قوشۇنىنىڭ تەمىناتىنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تارقىتىپ بېرىپتۇ. بۇ مەملىكەتكە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى ھەرخىل تاۋارلارنى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز يوللىرى ئارقىلىق كۆپلەپ ئەكېلىپ تۇرۇپتۇ.

جۇڭگولۇقلار بۇتقا چوقۇنىدىغان بولۇپ، دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دىنىي پائالىيەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى خېلى كۆپ. جۇڭگولۇقلار بۇتقا چوقۇنىدۇ، ئۇنىڭغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر پەرۋەردىگارنىڭ ھەققىگە دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. ھەرخىل ئوبراز ۋە بۇتلار بىر خىل نىشاندىنلا ئىبارەت. ئاشۇنداق نادان، قارا

① ئىككى چوڭ يۇلتۇز ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: «بۇ قۇياش بىلەن ئاينى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاھات بەرگەن.
② ياڭجۇ ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: «ياڭجۇ ھازىرقى خياڭسۇ ئۆلكىسىدە ئىدى» دەپ ئىزاھات بەرگەن.

قورساقلار بۇت بىلەن ياراتقۇچى ئىلاھنى بىرلەشتۈرۈۋېلىپ، ئۇلارغا ئوخشاشلا چوقۇنۇپ سەجدە قىلىۋېرىدۇ. بۇتقا چوقۇنۇش ئاللانى ھېس قىلىش قىيىن بولغان بىر خىل ئېتىقاد شەكلى. بۇنداق ئېتىقاد شەكلى ياراتقۇچى ئىگەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە، يۈكسەكلىكىگە ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق بۇتقا چوقۇنۇش دىن جەھەتتىن ئىتائەت قىلىشنىڭ بىر خىل بەلگىسى ۋە ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچىدۇر. تاكى ئىككى مەنبەچىلىك ۋە ماتېرىيالىستىك دىنىي نەزەرىيە ۋە ئۇنىڭ سىستېمىسى بارلىققا كەلگەنگە قەدەر جۇڭگونىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولۇپ كەلدى. بۇ دەۋردىن ئىلگىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېتىقادى، كۆزقارىشى ۋە بۇتقا چوقۇنۇشى ھىندىستان خەلقىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى دىنىي تەپەككۇرى ۋە كونكرېت ئۇسۇلى بىلەن ماسلىشىپ كەلگەن. مەيلى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا ھەرقانچە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولسۇن ياكى ئۇلاردا ئىزدىنىش روھى تۇپەيلىدىن ھەرقانچە كۆپ بەس ـ مۇنازىرىلەر بولغان بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم جەھەتتىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدە ئەنئەنە بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن قەدىمكى قانۇنلىرىغا باشتىن ـ ئاخىر ئەمەل قىلىپ كەلدى.

ئۇلارنىڭ مەملىكىتى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مەملىكىتى بىلەن قوشنا ئىدى. ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، توققۇز ئوغۇزلار مانى مۇخلىسلىرىدىن بولۇپ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جاكارلىغانىكەن. بۇ مىللەت نادان كۇپپارلاردىن بولۇپ، ئېتىقادى باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئېتىقادىغا ئوخشايدىكەن. ئىككى مەنبەچىلىك دىنىنىڭ شەيتانلىرى ئۇلار ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى ئېزىتقۇ سۆزلەرنى قىلىپ ئازدۇرۇپ، ھاياتلىقتىكى تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش، ساغلاملىق بىلەن كېسەللىك، بايلىق بىلەن نامراتلىق، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، بىرلىشىش بىلەن ئايرىلىپ كېتىش، بىرىكىش بىلەن پارچىلىنىش، ئۆرە تۇرۇش بىلەن يېتىش، مەۋجۇتلۇق بىلەن يوقلۇق، كېچە بىلەن كۈندۈز ۋە ئۇلاردىن باشقا قارىمۇقارشى بولغان ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا ئورۇن ئالمىشىش ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ئارقىدىن يەنە ئەقىل ئىگىسى بولغان ئادەملەرگە، چارۋا ـ ماللارغا زىيان كەلتۈرىدىغان ھەرخىل ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى، بالىلارغا، دۆۋەڭلەرگە ۋە ساراڭلارغا كەلتۈرۈلىدىغان چىدىغۇسىز مەجرۇھلۇقلارنى بايان قىپتۇ. ئۇلار يەنە: پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزلىرىگە بۇنداق بالا ـ قازالارنى كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى، بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغ كارامەتلىرى نامايان بولغان خەيرلىك ئىشلار ئارىسىدىكى ئادەمنى خاپا قىلىدىغان بىر خىل زىددىيەت بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ تاپا ـ تەنىلەردىن مۇستەسنا ئىكەنلىكىنىمۇ قوشۇپ سۆزلەپتۇ. ئۇلار خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان دەلىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگىچە قارىتىپ، سەپسەتىسىنى قوبۇل قىلدۇرۇۋاپتۇ.

جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە يەككە ـ يېگانە ياشاش ۋە چارۋا ـ مالنى نەزىر ـ چىراغ قىلىشتەك ئەخلاق ئۆلچىمى ئۇزاق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرۈش جەريانىدا، جۇڭگو تۈركلەر پادىشاھى ئۇيغۇر قاغان بىلەن باشتىن ـ ئاخىر ئۇرۇش ھالىتىدە بولۇپ كەلگەن. بىراق، تۈركلەر پادىشاھى ئۇيغۇر قاغان مانى مۇخلىسىغا ئايلانغاندا، ئۇلار بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى ۋە ئېتىقادى خىلمۇخىل بولسىمۇ، جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنىڭ پادىشاھلىرى سوراقچى ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلارنى تاللاشتا ئىنچىل تۈردە ئەقلىي قابىلىيىتى، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە قانۇن ـ تۈزۈم ئېھتىياجىغا ئاساسلىنىپ ئىش كۆرىدىكەن، ئەمەلدار ـ ئەربابلار ۋە ئاددىي پۇقرالارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ پرىنسىپنى ئۆز ھەرىكىتىگە يېتەكچى قىلىدىكەن.

جۇڭگولۇقلار قەبىلە ۋە قوۋملارغا ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ قەبىلە ۋە مەزھەپلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ شەجەرىسىمۇ ئوخشاشلا كۆپلىگەن تارماقلارغا ئايرىلىدىكەن. ئۇلار شەجەرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن ۋە ئۇنى ئەتىۋارلاپ خاتىرىسىدە چىڭ ساقلايدىكەن، ھەتتا بەزىدە بىر ئادەمنىڭ نەسەبىنى تاكى ئامۇرغىچە باغلاپ، 50 ـ ئەجدادىغىچە سۈرۈشتۈرەلەيدىكەن. بىر قوۋم كىشىلىرى ئۆزئارا نىكاھلانمايدىكەن. شۇڭا، مۇدەر (Mudar) قوۋمىدىن بولغان بىر ئەر رابىيە (Rabia) قوۋمىدىن بولغان بىر قىزنى ئالغان، قالان (Kahlan) نىڭ ئەۋلادى بولغان بىر ئەر ھىميار (Himyar) قوۋمىدىن بولغان بىر قىز بىلەن توي قىلغان، ھىميار قوۋمىدىن بولغان بىر ئەر قالان قوۋمىدىن بولغان بىر قىزغا ئۆيلەنگەن. جۇڭگولۇقلار ئوخشاش بولمىغان ئىرقلار ئارا نىكاھلانغاندا، تېخىمۇ ساغلام ئۇرۇق ـ ئەۋلاد تۇغۇلىدۇ، ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن قاۋۇل، ئۆمرى تېخىمۇ ئۇزۇن، تەن ساغلاملىقى تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن پايدىسى بار دېيىشىدىكەن.

جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ شاراپىتىدىن خۇددى ھىجرىيە 264 (مىلادىيە 878) ـ يىلىدىن بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكىگە ئوخشاش ھالدا گۈللەپ ياشناش ھالىتىدە تۇرغانىكەن. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى ھازىر (ھىجرىيە 332 \ مىلادىيە 943 ـ يىلى) غا قەدەر بۇ يەردە تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان، قانۇننىڭ نوپۇزىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان بىرمۇنچە ۋەقەلەر يۈز بېرىپتۇ. ئەسلىدە جۇڭگونىڭ بىر شەھىرىدە تۇرۇشلۇق، پادىشاھ جەمەتىدىن بولمىغان، مىجەزى غەلىتە، جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرۇشقا خوردا بولۇپ كەتكەن خۇاڭ چاۋ (Yânshū)① ئىسىملىك بىر ئاسىي بار ئىكەن. ئۇ بىردىنلا ئوتتۇرىغا چىقىپ، جۇڭگو ئاھالىسى ئىچىدىكى چۈپرەندە، بۇزۇقلار ۋە ئەسكىلىك قىلغۇچىلارنى ئەتراپىغا توپلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ نامى كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغاچقا، مەيلى پادىشاھ بولسۇن ياكى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بولسۇن، بۇ ئىشقا پەرۋا قىلماپتۇ. ئۇ خېلى كۈچىيىپ قاپتۇ، داڭق ـ ئاتىقىمۇ تارقىلىپتۇ. ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان بوپتۇ، يۈرىكىمۇ قاپتەك يوغىناپ كېتىپتۇ. بەزى مۇتتەھەم لۈكچەكلەر يىراق ـ يىراقلاردىن كېلىپ قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى زورايتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇۋىسىدىن چىقىپ، پادىشاھلىقنىڭ گۈللەنگەن رايونلىرىغا بېسىپ كىرىپ دەپسەندە قىپتۇ، ھەتتا قوماندانلىق ئورنىنى گۇاڭجۇ (Khanfû) شەھىرىگە جايلاشتۇرۇپتۇ. بۇ دەريا بويىغا جايلاشقان مۇھىم شەھەر ئىكەن. بۇ دەريا دىجلا (Didjla) دەرياسىدىنمۇ چوڭ ياكى چوڭ ـ كىچىكلىكى شۇنىڭغا ئوخشاش كېلىدىغان دەريا بولۇپ، جۇڭگو دېڭىزىغا قۇيۇلىدىكەن، ئارىلىقى گۇاڭجۇ شەھىرىدىن ئالتە ـ يەتتە كۈنلۈك كېلىدىكەن. بەسرە، شىراف، ئومان، ھىندىستان شەھەرلىرى جاۋاگا تاقىم ئاراللىرى، سانىف ۋە باشقا مەملىكەتلەرنىڭ تاۋار ـ ماللىرى بېسىلغان كېمىلەر دەريا ئېقىنىغا قارشى يۈرۈپ بۇ شەھەرگە كېلىپ تۇرىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، خۇاڭ چاۋ گۇاڭجۇ شەھىرىگە تېز سۈرئەت بىلەن بېسىپ كەپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمان، خرىستىئان، جوھۇت، مەجۇسىي (ئاتەشپەرەس) ۋە باشقا جۇڭگولۇقلاردىن تەركىب تاپقانىكەن، ئۇ مەزكۇر شەھەرنى قاتتىق قورشىۋاپتۇ، پادىشاھ قوشۇنلىرى زەربە بەرگەندە، ئۇلارنىمۇ تارمار كەلتۈرۈپ، قىزلارنى بۇلاپ ـ تالاپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ھەرقانداق چاغدىكىدىن كۆپىيىپ كېتىپتۇ ـ دە، بۇ شەھەرنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋېلىپ، نۇرغۇن ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا نەيزە ـ خەنجەر يەپ ۋە سۇغا غەرق بولۇپ

① خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى «Yan shū» دېگەن ئىسىمنى خۇاڭ چاۋ (黄巢) دەپ تەرجىمە قىلغان. فرانسۇزچىدا Yān shū دېيىلگەن ئە-سىمنىڭ «خۇاڭ چاۋ» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى ئەسلىدىكى ئىسىم ئۆزگەرتىۋېتىلگەندەك تۇيغۇ بېرىۋاتىدۇ.

ئۆلگەن مۇسۇلمان، خرىستىئان، جوھۇت ۋە مەجۇسىيلارنىڭ سانى 200 مىڭ كىشى ئىكەن. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق ھېسابلاپ چىقالىدۇقكى، جوڭگو پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسىدە نوپۇس دەپتىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەزكۇر ئىمپېرىيىنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ۋە ئەتراپتىكى بېقىندى مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى خاتىرىلەنگەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىگە تەۋە بولغان ئاھالىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۆز ۋاكالەتچىلىرىگە نوپۇس سانىنى ھېسابلاپ تۇرۇشنى ھاۋالە قىلىدىكەن.

دۈشمەن گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۈجمە دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. بۇرۇن ئۇ يەردىكى كىشىلەر پىلە بېقىش ئۈچۈن ئۈجمە دەرەخلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆستۈرەتتىكەن. ئۈجمە دەرەخلىرى نابۇت قىلىنغاچقا، جوڭگونىڭ يىپەك ئىشلەپ چىقىرىشى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، مۇسۇلمان ئەللىرىگە يىپەك مال چىقىرىش ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. خۇاڭ چاۋ ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە داۋاملىق غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىپ، ئۇرۇشقا بېرىلىپ كېتىپتۇ. قوۋملارنى قويماي بۇلاڭ - تالاڭ قىپتۇ. توپىلاڭچىلارنىڭ زوراۋانلىقىدىن قورققان باشقا قوۋملارمۇ ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپتۇ. خۇاڭ چاۋ ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزى چاڭئەنگە يۈرۈش قىپتۇ. پادىشاھ قالدۇق 100 مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ دۈشمەنگە قارشى باتۇرانە ئاتلىنىپتۇ. ئىككى قوشۇن بىر - بىرى بىلەن بىر ئايدەك تىركىشىپتۇ. ئاخىر تەقدىر پادىشاھقا پايدىسىز بولۇپ، مەغلۇپ بوپتۇ. قوزغىلاڭچىلار ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. پادىشاھ ئاران دېگەندە ئىمپېرىيىنىڭ چېگرىسىدىكى بىر شەھەرگە قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىپتۇ.

توپىلاڭچى قوشۇن ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى جايلىرىنى ۋە پايتەختنى ئىشغال قىپتۇ، بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلار قەھەتچىلىك يىللىرىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن توپلاپ ساقلىغان مال - مۈلۈك، دۇنيا - دەپىنىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ - تالاپتۇ. ئاندىن يېزىلارنىمۇ بۇلاڭ - تالاڭ قىپتۇ، شەھەرلەرنى زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرۇپتۇ. خۇاڭ چاۋ ئۆز كېلىپ چىقىشىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى تالان - تاراج قىلىشقا كىرىشىپتۇ. جاي - جايدا مال - مۈلۈك بۇلاپ، قانلارنى دەريا - دەريا ئاققۇزۇپتۇ.

پادىشاھ بىز يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكەن تۇبۇتلەرگە قوشنا مىدۇ شەھىرىدىن (ئۇ مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن) تۈركلەرنىڭ پادىشاھى ئۇيغۇر خانغا مەكتۇپ يوللاپ، ياردەم تەلەپ قىپتۇ، يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئالدىنقى پادىشاھلار بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇپ ئۆتكەن چاغدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى، ئۆزئارا ياردەم تەلەپ قىلغاندا رەت قىلماسلىق، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماسلىقنىڭ تەرەپلەرنىڭ مۇتلەق مەجبۇرىيەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپتۇ. ئۇيغۇر خان بىر ئوغلىنى 400 مىڭغا يېقىن پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەرلەرگە باشچى قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. خۇاڭ چاۋنىڭ ئىلگىرىلىشى تەھلىكىگە ئۇچراپتۇ. ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا بىر يىلدەك نەتىجىسىز ئۇرۇش داۋاملىشىپ، ئۆلۈش - يارىلىنىش ناھايىتى كۆپ بوپتۇ. ئاخىر خۇاڭ چاۋ ئىز - دېرەكسىز غايىب بوپتۇ. ئۇنىڭ نەيزە - قىلىچ يەپ ئۆلگەنلىكىنى ياكى دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلگەنلىكىنى ئېنىق ئۇققىلى بولماپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ئاساسلىق قوللىغۇچىلىرى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جوڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنىڭ پادىشاھى پايتەختكە قايتىپ كېلىپ، ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا قايتىدىن ئېرىشىپتۇ.

جوڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنىڭ پادىشاھى ئۆز پۇقرالىرى تەرىپىدىن «پەغپۇر»، يەنى «تەڭرىنىڭ ئەركىسى» دېگەن ھۆرمەت نامىغا ئېرىشىپتۇ. ھالبۇكى، جوڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى پادىشاھلىرىنىڭ

ھۆرمەت نامى ۋە ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇلارغا قوللىنىلىدىغان ئاتاق «پەغپۇر» (天子) ئەمەس، «تابغاچ خان» (桃花石汗) دەپ ئاتىلىدىكەن.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش جەريانىدا ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋالىيلىرى خۇددى ماكېدونىي فىلىپنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر پېرسىيە پادشاھى دارانى ئۆلتۈرۈپ، پېرسىيە مەمۇرىي ئۆلكىسىنىڭ سەردارى بولۇۋالغانغا ئوخشاش مۇستەقىل بولۇۋاپتۇ. بۇنداق ئىشلار ھازىرمۇ (ھىجرىيە 332 \ مىلادىيە 943 ـ يىلى) ئۇلاردا يۈز بېرىۋېتىپتۇ. جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنىڭ پادشاھى ۋالىيلارنىڭ ئۆزىگە بولغان نام ـ ئاتاق جەھەتتىكى ساداقەتمەنلىكىگە ۋە مەكتۇپ ـ نامىلەردە پادشاھ دەپ ئاتىغانلىقىغا رازى بولۇشى كېرەك ئىكەن. پادشاھ بۇ ئۆلكىلەرگە شەخسەن ئۆزى بارالمايدىكەن، بۇ رايونلارنى تىزگىنلەپ تۇرغان ئاشۇ كىشىلەرگىمۇ ھۇجۇم قىلالمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇلار ھېچقانداق سىلىق تاپشۇرمىسىمۇ، ئاددىيلا ھۆرمەت قىلىشى بىلەنلا قانائەتلىنىپ، تىنىچ ـ ئامان ياشىشىغا يول قويىدىكەن. بۇ يېڭى پادشاھلار ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتىگە ۋە ھوقۇقىغا تايىنىپ قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىدىكەن، شۇنداق قىلىپ بۇرۇنقى پادشاھلار زامانىدا ئورنىتىلغان تەرتىپ ۋە ئىناقلىق يوق بوپتۇ.

بۇرۇنقى پادشاھلار ئەلنى ئىدارە قىلىشتا بىر يۈرۈش مۇنتىزىم تۈزۈم ئورناتقان بولۇپ، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشتا ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئىش كۆرىدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ماۋەرا ـ ئۇننەھردىكى شەھەر ـــ سەمەرقەندلىك بىر سودىگەر ئۆز دۆلىتىدىن نۇرغۇن ئۇششاق تاۋارلارنى ئېلىپ ئىراققا كەپتۇ. ئۇ يەردىن يەنە بىر تۈركۈم مال ئېلىپ، جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ بەسرەگە كەپتۇ. ئۇ يەردىن كېمىگە چۈشۈپ ئۇممانغا بېرىپتۇ. ئاندىن دېڭىز يولى ئارقىلىق كېداغا بېرىپتۇ، ئۇ يەر جۇڭگوغا بارىدىغان مۇساپىنىڭ ئالاھەزەل يېرىمىغا توغرا كېلىدىكەن. بۈگۈنكى كۈندە مەزكۇر شەھەر شىراف بىلەن ئوممان مۇسۇلمانلىرىنىڭ كېمىلىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە جۇڭگو كېمىلىرىنى ئۇچرىتالايدۇ. بىراق، بۇرۇن ئەھۋال بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغلاردا جۇڭگو كېمىلىرى ئوممان، شىراف، پارس ۋە بەھرەين دېڭىز ساھىلى، ئۇبۇللا، بەسرەلەرگە يېتىپ بارالايتتى، بۇ جايلارنىڭ كېمىلىرىمۇ جۇڭگوغا بىۋاسىتە باراتتى. پەقەتلا كىشىلەر ئۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادىللىقىغا ۋە نىيىتىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغان ۋە جۇڭگو ۋەزىيىتى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك بولۇپ قالغاندىن تارتىپ، ئۇلار مۇشۇ ئاخىرقى نۇقتىدا ئۇچرىشىدىغان بولۇپ قالغان.

شۇڭا، ھېلىقى سودىگەر بىر جۇڭگو كېمىسىگە چىقىپ كېدادىن گۋاڭجۇ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئالدىنقى بايانىمىزدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەزكۇر كېمە شۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، سودىگەرلەرنى لەڭگەر تاشلاپتۇ. پادشاھ مال ۋە ئۇششاق تاۋارلار بېسىلغان كېمىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆڭلىگە ياقىدىغان مەھرەملەر ئارىسىدىكى تازا ئىشەنچلىك بىر ئاغۋاتنى گۋاڭجۇغا ئەۋەتىپتۇ. چۈنكى، جۇڭگولۇقلار ئاغۋاتقا باجگىرلىك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىلەرنى بېرىدىكەن، ھەتتا بەزىلەر ئاغۋاتلارنى ئۇلۇغلارنىڭ ھۇزۇرىغا بىمالال كىرىپ ـ چىقالايدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەرەنلىكىنى پىچىپ ئاختا قىلىۋېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، پادشاھنىڭ ئاغۋىتى گۋاڭجۇغا يېتىپ كېلىپ، سودىگەرلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇ سودىگەرلەرنىڭ ئارىسىدا سەمەرقەندلىك ھېلىقى سودىگەرمۇ بار ئىكەن. ھەممىيلەن ئاغۋاتقا ئېسىل تاۋارلارنى تەقدىم قىپتۇ. ئاغۋات سەمەرقەندلىك سودىگەرنىڭ ماللىرى ئىچىدىن پادشاھقا يارايدىغان تاۋارلارنى بىر تەرەپكە ئايرىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. سەمەرقەندلىك سودىگەر قويغان باھا ئاغۋاتنىڭ كۆڭلىگە ياقماپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن كەسكىن

تالاش - تارتىش يۈز بېرىپتۇ، ئاخىر ئاغۋات سودىگەرنى خورلاپ ئازابلاشقا بۇيرۇق قىلىپ، ئۇنى ئۆزى دېگەن باھانى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاپتۇ. شۇنداقتىمۇ سەمەرقەندلىك سودىگەر دېگىنىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنىڭ پادىشاھنىڭ قانۇن - تۈزۈمىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىكەن. ئۇ دەرھال پادىشاھنىڭ ئوردىسى تۇرۇشلۇق شەھەرگە بېرىپ، ئەرز - داد ئېيتىپ كەلگەنلەر تۇرىدىغان جايدا تۇرۇپتۇ. ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن ئەرز سۇنىدىغان ھەرقانداق كىشى مەيلى قەيەردىن كەلمىسۇن، ئۇچىسىغا قىزىل تاۋار كىيىم كىيىپ، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئەرز ئېيتىدىغان مەخسۇس ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. ئۇ يەردە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن بىرسى ئەرز قىلغۇچىلارغا مەسئۇل بولىدىكەن (ئەمەلدار شۇ يەرگە كېلىپ ساقلاپ تۇرىدىكەن) ۋە ئۇلارنى پوچتا بېكەتلىرى (نىڭ ئادەملىرى) ئارقىلىق ئارىلىقى بىرەر ئايلىق كېلىدىغان جايغا ئاپىرىۋېتىدىكەن.

ئوردا خىزمەتچىلىرى بۇ سودىگەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى مۇشۇنداق ئىشقا مەسئۇل يەرلىك ۋالىينىڭ ھۇزۇرىغا ئاپىرىپتۇ. ۋالىي ئۇنىڭغا: «سېنىڭ قىلمۇاتقان ئىشىڭنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر، بۇنىڭ جېنىڭغا تاقىلىدىغان خەۋپى بار. سېنىڭ مۇشۇ دەۋادا ئۇتۇپ چىقىشىڭغا ئىشەنچىڭ بارمۇ، يوق؟ ئۇبدان ئويلان! بولمىسا سېنى يالغانچىلىق قىلدى دەپ قاراپ جازاغا تارتىمىز، نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە قايتۇرۇلىسەن!» دەپتۇ. ئەرز قىلىپ كەلگەن ھەممە كىشىگە مۇشۇنداق دەيدىكەن. ئەگەر مۇشۇنداق تەھدىتكە ئۇچرىغان بىچارىلەرنىڭ ئىرادىسى سەل بوشاپ، ھودۇقۇۋاتقانلىقى سېزىلىپ قالسا، ئۇلارنى 100 پالاق ئۇرۇپ، نەدىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە ئاپىرىۋېتىدىكەن؛ ناۋادا گېپىدە چىڭ تۇرسا، ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتۈرىدىكەن - دە، پادىشاھ ئۇنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلايدىكەن.

ئۇ سودىگەر ئۆز تەلىپىدە ۋە قىلغان ئەرزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ، كىشىلەرگىمۇ ئۇنىڭ ھودۇقماي، ئىنتايىن تەمكىن سۆزلەۋاتقانلىقى مەلۇم بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ ۋە ئۆز بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى پادىشاھقا بايان قىپتۇ. پادىشاھ تىلماچ ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ئۇققاندىن كېيىن، سودىگەرنى بەلگىلەنگەن جايغا ئېلىپ بېرىپ ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوبدان كۈتۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئوڭ قول - سول قول ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپتۇ. بۇ ۋەزىرلەر ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئىنتايىن ئوبدان بىلىدىكەن، مۇھىم پەيتلەردە ۋە ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەرقايسى جايلاردا بىردىن ۋاكالەتچىلىرىمۇ بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇلارغا گۇاڭجۇدىكى ئۆز ۋاكالەتچىلىرىگە ئايرىم - ئايرىم مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ۋاكالەتچىلىرىگە مەكتۇپ يېزىپ، ئۇلاردىن سودىگەر بىلەن ئاغۋات ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا مەلۇمات يوللاشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھمۇ شۇ مەقسەتتە گۇاڭجۇدىكى نائىبىغا نامە يوللاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر كېتىپتۇ. پوچتا بېكەتلىرىنىڭ قېچىرلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ كېلىنگەن مەكتۇپلاردىن سودىگەر قىلغان ئەرزنىڭ راستلىقى ئىسپاتلىنىپتۇ. جۇڭگو پادىشاھلىرى يىراق مۇساپىلىك يوللارنىڭ ھەممىسىدە پوچتا بېكەتلىرى تەسىس قىلىپ، يۇڭ توشۇش ئۈچۈن قۇيرۇقى قىرقىلغان ياكى تۈگۈپ قويۇلغان قېچىرلارنى تەييارلاپ قويىدىكەن. پادىشاھ ئاغۋاتنى دەرھال چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بەرگەن بارلىق ئىمتىيازنى بىكار قىلىۋېتىپ: «سەن يىراق بىر ئەلدىن كەلگەن سودىگەر بىلەن تالاش - تارتىش قىپسەن، ئۇنىڭ قورۇقلۇق ۋە دېڭىزلاردا ئامان - ئېسەن يول يۈرۈپ، بىرمۇنچە ئەلنى بېسىپ ئۆتۈپ ۋە كۆپلىگەن پادىشاھلارنى زىيارەت

قىلىپ، بۇ رايونغا توسالغۇسىز يېتىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلغانلىقى پۈتۈنلەي مېنىڭ ئەدلى ـ ئادالىتىمگە ئىشەنگەنلىكىدىن ئىدى. سېنىڭ ئادىل بولماسلىقىڭ تۈپەيلى، ئۇ مېنىڭ دۆلىتىمدىن كېتىپ، بارغانلىكى يەردە مېنى ئەيىبلەپ، تەنە قىلىپ يۈرۈشكە تاس قاپتۇ. ئەگەر سېنىڭ بۇرۇن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىڭنى دېمىسەم، سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بولار ئىدىم. بىراق، سېنى جازالىشىم كېرەك، بىلىپ قويغىنكى، بۇ ئۆلگەندىنمۇ يامان جازادۇر. تىرىكلەرنى باشقۇرۇشقا ۋە مەن تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا يارىمىدىڭ، ئەمدى مەرھۇم پادىشاھلارنىڭ قەبرىسىنى باققىن!» دەپتۇ.

ئاندىن پادىشاھ سودىگەرگە كۆپلىگەن مەرھەمەتلەرنى كۆرسىتىپ، گۇاڭجۇغا قايتىشقا ئىجازەت قىلىپ: «بىز تاللىغان بارلىق تاۋارنى بىزگە ئۆزىڭىز دېگەن باھادا سېتىپ بېرىشكە رازى بولسىڭىز، مەن كۆپ خۇرسەن بولار ئىدىم. خالىمىسىڭىز، ئۆز نەرسىلىرىڭىزنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى ئۆز ئىلكىڭىزدىدۇر. ئەگەر خالىسىڭىز، بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭ. بولمىسا ئىختىيار قىلغان جايغا بارسىڭىزمۇ بولىدۇ» دەپتۇ. ئاغۋاتقا كەلسەك، ئۇ پادىشاھلارنىڭ قەبرىگاھىنى باقىدىغان بوپتۇ.

تۆۋەندىكىسىمۇ جۇڭگو پادىشاھلىرىنىڭ تەسىرلىك بىر ھېكايىسىدۇر. بەسرەدە ھەممىگە مەلۇم بولغان روھانىي كالانلار تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ يۈرگەن دەۋردە (ھىجرىيە 255 \ مىلادىيە 869 ـ يىللىرى) قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان كاتتا باي ــ غەببار بىننى ئەسۋەدنىڭ ئەۋلادى شىراف شەھىرىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن كېمە بىلەن ھىندى ئوكيانغا بېرىپ، بىرقانچە قېتىم كېمە ئالمىشىپ، بىرقانچە مەملىكەتتىن ئۆتۈپ، ھىندىستان ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ گۇاڭجۇغا يول ئاپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىردىنلا ئىلھامى قوزغىلىپ، شىئەنگە بېرىپ خان ئوردىسىنى زىيارەت قىلغۇسى كەپتۇ. شىئەن جۇڭگودىكى بىرقەدەر چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىكەن.

بۇ قۇرەيشىي پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىدىغان يەردە تۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن مەلۇماتنامە سۇنۇپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرنىڭ جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئاخىر پادىشاھ ئۇنى سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ يەردە ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە تەييار ئىكەن. پادىشاھ گۇاڭدۇڭ ۋالىيسىغا مەكتۇپ يوللاپ، سودىگەرلەردىن بۇ كىشىنىڭ «پەيغەمبەرنىڭ تۇغقىنى بولىمەن» دېگەن گېپىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى بۇيرۇپتۇ. گۇاڭجۇ ۋالىيسى جىددىي مەكتۇپ يوللاش ئارقىلىق مەزكۇر قۇرەيشىينىڭ «پەيغەمبەر بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىم بار» دېگەن گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قۇرەيشىينى قوبۇل قىپتۇ ھەم ئۇنىڭغا نۇرغۇن بايلىق ئىنئام قىپتۇ. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ئىراققا قايتىپ كەپتۇ.

بىراق، بۇ كىشى ياشىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، جۇڭگو پادىشاھى ئۇنى بىر قېتىم قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەرەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ پېرسىيە پادىشاھلىقىنى گۇمران قىلىشىدىكى ۋاسىتىلىرى توغرىسىدا گەپ سوراپتۇ. ئۇ بۇنىڭغا: «بۇ ئاللانىڭ ئەمرى، پارسلار ئاتەشپەرەس ئىدى، ياراتقان ئىگەمنى ئېتىراپ قىلماي، قۇياش بىلەن ئايغا چوقۇناتتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:«ئەرەبلەر ئەڭ ئىناۋەتلىك، يېرى ئەڭ مۇنبەت، بايلىقى مول، ئاھالىسى ئەقىللىق، كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان، دۇنياغا مەشھۇر بىر مەملىكەتنى بويسۇندۇردى» دەپتۇ، ئارقىدىن يەنە: «سىلەر دۇنيادىكى پادىشاھلارنى قانداق ئايرىيسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. قۇرەيشىي: «بۇنىڭدىن زادى خەۋىرىم يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ تىلماچقا مۇنداق دەپتۇ: «ئۇنىڭغا ئېيت، بىز بەش قېتىم ھېسابلاپ كۆردۇق. ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ باي ئىشغالىيەتچى ئىراقنىڭ ھۆكۈمرانىدۇر. چۈنكى، ئۇ دۇنيانىڭ مەركىزىنى ئىشغال قىلغان. باشقا كۈچلۈك ئەللەرمۇ ئۇنىڭغا بېقىپ ئىش كۆرىدۇ، شۇڭا بىز ئۇنى شاھىنشاھ دەپ ئاتايمىز. بۇ ئىمپېرىيىدىن قالسا، بىزنىڭ مەملىكىتىمىز

تۇرىدۇ. بىز ئۇنى ئىنسانلار مەملىكىتى دەپ قارايمىز. چۈنكى، ھېچقانداق بىر مەملىكەت بۇنىڭدەك تەرتىپلىك ۋە قائىدىلىك باشقۇرۇلغان ئەمەس، ھېچقانداق بىر جاينىڭ پۇقرالىرى بىزنىڭ پۇقرالىرىمىزدەك ئىتائەتمەن ئەمەس. مانا بۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتايدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى. بىزدىن قالسا يىرتقۇچلار پادىشاھىدۇر، يەنى ئۇ يېقىن قوشنىمىز تۈركلەر پادىشاھى بولۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى يىرتقۇچلار پادىشاھىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا پىللار پادىشاھى تۇرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھىندىستان پادىشاھى بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز. چۈنكى، بۇ مەملىكەت ئەقىل - پاراسەت مەنبەسىدۇر. ئاخىرقىسى رىم پادىشاھى بولۇپ،بىز ئۇنىمۇ ئىنسانلار پادىشاھى دەپ قارايمىز،چۈنكى ھېچقانداق بىر مەملىكەت پۇقرالىرى ئۇلاردەك كېلىشكەن ۋە چىرايلىق ئەمەس. يۇقىرىدىكىلەر ئاساسلىق پادىشاھلار بولۇپ، قالغانلىرى ئۇلاردىن تۆۋەن تۇرىدۇ».

قۇرەيشىي مۇنۇلارنىمۇ قوشۇپ دېگەنىدى: «ئارقىدىن پادىشاھ تىلماچ ئارقىلىق يەنە ماڭا: ‹سەن ئۆز خوجاڭنى، يەنى پەيغەمبىرىڭلارنى كۆرسەڭ تونۇمسەن؟› دېگەن بىر سوئالنى قويدى. مەن: ‹ئۇ ئاللانىڭ دەرگاھىدا تۇرسا، قانداقمۇ كۆرەلەيمەن؟› دېگەنىدىم، پادىشاھ: ‹مەن ساڭا ئۇنىڭ ئۆزىنى دېمىدىم، سۈرىتىنى دەۋاتىمەن› دېدى. مەن: ‹جەزمەن تونۇيمەن› دېدىم. پادىشاھ جاۋاھىرات سالىدىغان كىچىك ساندۇقنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. مۇلازىملار ساندۇقچاقنى خەزىنىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. پادىشاھ ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر دانە يۆگەلمە قەغەزنى ئېلىپ تىلماچقا: ‹ئۇنىڭ خوجىسىنى كۆرسىتىپ قوي› دېدى. قەغەزگە پەيغەمبەرلەرنىڭ رەسىمى سىزىلغانلىقىنى كۆرۈپ: ‹ئى ئاللا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن› دەپ لەۋلىرىمنى قىمىرلاتقانىدىم، پادىشاھ مېنىڭ ئۇلارنى تونۇغانلىقىمدىن شەكلەنمىدى بولغاي، تىلماچ ئارقىلىق نېمىنشقا لەۋلىرىمنى قىمىرلاتقانلىقىمنى سورىدى. مەن: ‹دۇئا قىلىپ پەيغەمبىرىمگە ھۆرمەت بىلدۈردۈم› دېدىم. ئۇ: ‹سەن ئۇلارنى قانداق تونۇۋالدىڭ؟› دېگەنىدى. مەن: ‹ئۇلارنى بۇنىڭدا سىزىلغان تارىختىكى ئىش ئىزلىرىدىن تونۇدۇم، مانا بۇ نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە كېمىدە كېتىۋېتىپتۇ. يەنى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن پۈتۈن يەر - جاھاننى توپان بېسىپ كەتكەندە، ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ بولغۇچىلارنى قۇتقۇزۇپ قالغان› دېسەم، پادىشاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى: ‹نۇھ دېگەن ئىسىمنى توغرا دېدىڭ، پۈتۈن يەر - جاھاننى توپان بېسىپ كەتكەنلىكىنى بىز ئۇقمايمىز. توپان بالاسى يەر - جاھاننىڭ بىر قىسىم يەرلىرىگىچە كەلگەندۇ، بىزنىڭ ئېلىمىزنى سۇ بېسىپ كەتمىگەن. ناۋادا سېنىڭ دېگىنىڭ راست بولسا، بەلكىم جاھاننىڭ قىسمەن جايلىرى شۇنداق بولغاندۇ! لېكىن جۇڭگو، ھىندىستان، سىندى ۋە يەنە باشقا جايلاردىكى ئاھالىنىڭ بۇ ئىشتىن زادى خەۋىرى يوق. ئەجدادلىرىمىزمۇ رىۋايەتلەردە بۇ توغرىدا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىغان. ھالبۇكى، يەر - جاھاننى سۇ بېسىپ كەتكەن بولسا، بۇ ئەلۋەتتە مۇتەپەككۇرلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە ئۇلار تەرىپىدىن ئەسلەتمە سۈپىتىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان، ئاندىن ئۇنى كىشىلەر رىۋايەت قىلىپ بىر - بىرىگە تارقاتقان بولار ئىدى›①».

قۇرەيشىي يەنە قوشۇمچە قىلغانىدى: «ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە رەددىيە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم.

---

① شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مادرىد، 28 - نويابىر تېلېگراممىسى: ئىسپانىيەدىكى «دۇنيا گېزىتى» ئالدىنقى كۈنى ئېلان قىلغان خەۋەردە مۇنداق دېيىلدى: ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، 8000 نەچچە يۈز يىل بۇرۇن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياندىكى چوڭ مۇز قاتلىمى ئېرىپ كەتكەچكە، دېڭىز يۈزى زور دەرىجىدە كۆتۈرۈلگەن، بۇ ۋەقە «نۇھنىڭ كېمە ياساپ ئىنسانلارنى قۇتقۇزغانلىقى» ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن.

خەۋەردە مۇنداق دېيىلدى: ئەينى چاغدا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياندىكى مۇز قاتلىمى ئېرىپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ سۇ يۈزىنى 1.4 مېتىر ئۆرلىتىۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن 72 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر يەر سۇغا غەرق بولغان، بۇ ھالەت 34 يىل داۋاملاشقان، نەتىجىدە 145 مىڭ دېھقان غەربكە كۆچكەن. («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2007 - يىلى 29 - نويابىر سانىدىن ئېلىندى — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

چۈنكى مەن ئۇنداق قىلسام، ئۇ ھەممىنى رەت قىلاتتى. شۇڭا، مەن گەپنى داۋاملاشتۇرۇپ: «مانا بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھاسىسى، ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بار ئىكەن، دېگەنىدىم، پادىشاھ: «شۇنداق، ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ زېمىنى كىچىك بولسىمۇ، پۇقرالىرى قوزغىلىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان» دېدى. ئاندىن مەن: «مانا ماۋۇ ئىسا پەيغەمبەر، ئېشەككە مىنىۋاپتۇ، ئەلچىلەر ئۇنىڭغا ھەمراھ بوپتۇ» دېدىم، پادىشاھ: «ئۇنىڭ كارامەت كۆرسىتىشى قىسقىغىنا ۋاقىت داۋاملاشقان، ھەرگىز 30 ئايدىن ئاشمايدۇ» دەپ قوشۇمچە قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىغا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ ئۆتتى».

ئۇ يەنە بىرمۇنچە ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، پەقەت بىر قىسمىنىلا تونۇشتۇردۇق.

قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان بۇ كىشى ئىبنى غەببار دېگەن نام بىلەن مەشھۇر، ھەتتا ئۇ ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ رەسىمىگە خېلى ئۇزۇن بېغىشلىما مەلۇماتلارنىڭ بېرىلگەنلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭدا ھەربىر شەخسنىڭ ئىسمى، ياشىغان جايى، يېشى، كۆرسەتكەن كارامەتلىرىنىڭ سەۋەبىياتلىرى، ھايات خاتىرىلىرى بولۇش ئېھتىماللىقىنى دەپ بەرگەن. ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاخىردا مەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتلىرىغا بەدەۋىلەر تۆگە تېرىسىدىن تىككەن چورۇقلارنى كىيىۋالغان، بېلىگە پالما قوۋزىقىدىن ياسالغان تاسما باغلاپ مىسۋاك ئېسىۋالغان ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا تۆگىگە مىنىپ تۇرغان رەسىمىنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلغانىدىم. پادىشاھ تىلماچ ئارقىلىق يىغلىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. مەن: مانا بۇ مېنىڭ پەيغەمبىرىم، ئۇستازىم ۋە بىر نەۋرە قېرىندىشىم مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا! دېگەنىدىم. پادىشاھ دەرھال: «راست ئېيتتىڭ. ئۇ ئۆز خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلارنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىكىدۇر. بىراق، ئۇ ئۆز دىنىغا تەۋە بولغان ئىمپېرىيىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمىدى. بۇ بەخت ئۇنىڭ ئىزباسارى بولغان خەلىپىلەرگە نېسىپ بولدى، ئۇلار ئۇنىڭ قوۋمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى» دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ رەسىملىرىنى مۇتالىئە قىلغىنىمىزدا، ئۇلاردىن باشقا بىرقانچىيلەننىڭ خۇددى ئالەمگە شۇنداق يومىلاق يارىتىلغان دەۋاتقاندەك ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى جۈپلەپ ھالقىسىمان قىلىۋالغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ، خۇددى ئۈستىدىكى ياراتقۇچىدىن قورققاندەك تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. تىلماچ ماڭا ئۇلارنىڭ جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ ئەۋلىيالىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئاندىن پادىشاھ مەندىن خەلىپىلەرنىڭ كىيىنىشى ۋە بىر يۈرۈش تۈزۈملىرىگە ئائىت بەزى سوئاللارنى سورىدى. بۇ سوئاللارغا بىلىدىغانلىرىم دائىرىسىدە جاۋاب بەردىم. ئاندىن ئۇ: «سىلەر دۇنيانىڭ يېشىنى قانچە دەپ قارايسىلەر؟» دەپ سورىدى. مەن: «بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىختىلاپ بار. بەزىلەر 6 مىڭ يىل دەپ قارايدۇ، بەزىلەر بولسا ئۇنىڭدىن كۆپ ياكى ئاز دەپ قارايدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ يەنە: «بۇنداق قاراش پەيغەمبىرىڭلاردىن كەلگەنمۇ؟» دېدى. مەن: «شۇنداق» دېدىم. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ۋەزىرلەرمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار شۇ يەردە ئۆزرە تۇرۇشقانىدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ مېنىڭ جاۋابىمغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. پادىشاھ: «پەيغەمبىرىڭلارنىڭ بۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «شۇنداق! بۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ سۆزىدۇر» دېگەنىدىم، پادىشاھنىڭ چىرايى بۇنىڭغا قوشۇلمىغاندەك تۇس ئالدى. ئۇ يەنە تىلماچ ئارقىلىق ماڭا مۇنۇ گەپلەرنى دېدى: «ئاگاھ بولغىنكى، دېمەكچى بولغان گەپنى جەزملەشتۈرگەندىلا پادىشاھقا ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئاراڭلاردا ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنىڭ بارلىقىنى دېدىڭ. دېمەك، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ بىر ئېغىز سۆزى توغرىسىدىكى قارىشىڭلار ئوخشاش ئەمەس ئىكەن. ھالبۇكى،

پەيغەمبەرلەرنىڭ دېگەن سۆزىگە كەلگەندە، ئوخشاش بولمىغان قاراشلارغا يەنە يول قويۇلماسلىق كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلىشلا ئەمەس، ھەممە كىشى غىدىڭ - پىدىڭ قىلمايۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە بويسۇنۇشى زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئىشتىن ياكى بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرۈشتىن ساقلىنىش لازىم».

پادشاھ مەن بىلەن يەنە بىرمۇنچە ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشكەندى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خاتىرەمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە مەندىن: «سەن نېمە ئۈچۈن ئۆز پادشاھىڭدىن ۋاز كەچتىڭ؟ ئۇنىڭ تۇرغان يېرى ۋە ئائىلىسى بىزگە قارىغاندا، سەن ئۈچۈن كۆپ يېقىن ئەمدىغۇ؟»، دەپ سورىغانىدى. «بۇنىڭغا بەسرەدە يۈز بەرگەن چىدىغۇسىز ۋەقە سەۋەب بولدى. شىرافقا كەلدىم. ئۇ يەردە سىزنى زىيارەت قىلىش ئارزۇسى تۇغۇلدى. ئى پادشاھ! مۇبارەك ئېلىڭىزنىڭ گۈللەنگەن ھالىتىنى، سىزنىڭ ئەدل - ئادالىتىڭىزنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھىماتىنى، سىزنىڭ بارلىق پۇقرالارغا ئوخشاشلا غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، بۇ ئىمپېرىيىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ چۈشىنىشنى نىيەت قىلغانىدىم. مانا ھازىر ئاللا بۇيرۇسا ئۆز ئېلىمگە، يەنى قېرىنداشلىرىمنىڭ مەملىكىتىگە قايتىپ بارىمەن. ئۇ يەردىكى كىشىلەرگە مەن كۆرگەن مەزكۇر ئىمپېرىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، زېمىنىنىڭ كەڭلىكىنى، سىزنىڭ مۇشۇنداق ھەممە كىشىگە ئادىل ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە ئۇلۇغۋار پەزىلىتىڭىزنى سۆزلەپ بېرىمەن. ئى كەرەملىك پادشاھ! ياخشى تەرىپىڭىزنىلا قىلىمەن ۋە سىزگە مەدھىيىلەر ئوقۇيمەن»، دەپ جاۋاب بەردىم.

پادشاھ بۇ گەپلىرىمدىن ماختىنىپ، ماڭا قىممەت باھالىق سوۋغات ۋە ئېسىل كىيىملەرنى ھەدىيە قىلىش ھەم مېنى پوچتا بېكىتىنىڭ قېچىرىغا مىندۇرۇپ گۇاڭجۇغا ئاپىرىپ قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ يەرنىڭ ۋالىيسىغا نامە يوللاپ، ماڭا ئوبدان قاراشنى ۋە مەن قايتىپ كەتكۈچە ئۆز ئەتراپىدىكى ئېسىلزادىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغۇزۇشنى تاپىلىدى. شۇڭا، مەن گۇاڭجۇ ۋالىيسىنىڭ ھۇزۇرىدا تاكى مەن جۇڭگودىن كەتكۈچە كۆڭلىرىم باياشادلىق ۋە خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتتى».

ئەبۇ زاھىد مۇھەممەد بىننى يەزىد شىرافىي بولسا مەجىد بىننى مۇھەممەد بىننى ئەبۇلەد بىننى بىستەسانىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى بولۇپ، ئۇ شىرافنىڭ ۋالىيسى، مەشھۇر ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشى ئىدى. ئۇ بەسرەدە (بۇ ئۇنىڭ ئانا ماكان شەھىرى بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە 303 \ مىلادىيە 915 — 916 - يىللىرى شۇ يەردە تۇرغان) ماڭا مەزكۇر قۇرەيشىي ئىبنى غەبباردىن جۇڭگونىڭ پايتەختى شىئەن دىيارى توغرىسىدا سورىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئىبنى غەببار ئۇنىڭغا بۇ مەركىزىي شەھەرنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ۋە نۇرغۇن ئاھالىسى بارلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىكەن. ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېگەنىكەن: «مەزكۇر شەھەرنى ئۇزۇن ھەم كەڭرى بىر كوچا ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدىكەن. پادشاھ، ۋەزىرلەر، باش سوراقچى، لەشكەرلەر، ئاغۋاتلار ۋە ھۆكۈمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقانىكەن. تۆۋەن دەرىجىلىك ھەرقانداق كىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلاشمايدىكەن، ئۇ يەردە بازار يوق ئىكەن. ئېرىق، كوچىنى بويلاپ ئېرىق قېزىلغان بولۇپ، ئىككى بويىغا دەرەخ تىكىلگەن ۋە چوڭ - چوڭ ئۆيلەر سېلىنغانىكەن.

شەھەرنىڭ غەربكە توغرا كېلىدىغان سول تەرىپى ئاۋامنىڭ، سودىگەرلەرنىڭ، مال بىلەن تەمىنلىگۈچى سارايلارنىڭ ئىشلىتىشى ۋە بازار ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىكەن. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا پادشاھنىڭ غوجىدار، ئاغلاقچى، گۇماشتا، ئەمەلدارلىرىنىڭ ياش مالايلىرى پىيادە ياكى ئاتلىق

ھالدا مەزكۇر شەھەرنىڭ بازار بار ۋە سودىگەرلەر تۇرىدىغان تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلار ئۇ يەردىن تاۋار ۋە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ قايتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەتىسىگىچە ئۇ يەرگە قايتا كېلىشى ھاجەتسىز ئىكەن. بۇ شەھەر ئادەمنى ئىنتايىن قىزىقتۇرىدىغان جاي بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر باراقسان ئۆسكەن، سان ـ ساناقسىز ئېرىقلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىكەن. شۇنداقلا، ئۇ يەردە بەزىدە پالما دەرەخلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن.

ئاللا ياراتقانلارنىڭ ئىچىدە مەزكۇر ئىمپېرىيىنىڭ ئاھالىسى رەسساملىق ۋە ھەممە سەنئەت جەھەتتە قولى ئەڭ ئەپلىك ماھىرلاردىن ئىكەن. باشقا ھەرقانداق بىر مىللەت ھەرقانداق قول ھۈنىرى جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدىكەن. بىرەر جۇڭگولۇق بىرەر سەنئەت بۇيۇمىنى ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ پۈتتۈرۈپ، تەقلىد قىلالمايدۇ دەپ قارىغان چاغدىلا، ئۆزىنىڭ بۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئوردىغا ئېلىپ بارسا، پادىشاھ دەرھال بۇ ئەسەرنى ئوردىدا بىر يىل تىزىپ قويۇشقا بۇيرۇيدىكەن. ئەگەر شۇنىڭغىچە ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئېيىپ تاپالمىسا، پادىشاھ ئاپتورغا ئىنئام بېرىدىكەن ۋە ئۇنى ئۆز سەنئەتكارلىرى قاتارىغا قوشىدىكەن. ناۋادا ئەسەردە ئازراق ئېيىپ سېزىلىپ قالسا، ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپ، ھېچقانداق مۇكاپات بەرمەيدىكەن.

بىر كىشى شايىغا بىر تال باشاقتا قونۇپ تۇرغان قۇشقاچنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئوردىغا ئەكېلىپتۇ. بۇ رەسىمنىڭ نەپىسلىكىدىن بىر قاراشتىلا ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئېيىپ تاپقىلى بولمايدىكەن. بۇ رەسىم كۆرگەزمىگە قويۇلۇپتۇ. ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دوك ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھالىغا باقماي بۇ ئەسەرنى تەنقىدلەپتۇ. ئۇ پادىشاھ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ، ھېلىقى رەسسامنىمۇ چاقىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ دوكتىن رەسىمنى ئەيىبلەشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئۇ: «بىر قۇشقاچ بىر تال باشاققا قونغاندا، ئۇنىڭ ئېگىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. ۋەھالەنكى، رەسسام سىزغان باشاق ئۈستىگە بىر قۇشقاچ قونۇۋالغان بولسىمۇ، قىلچە ئېگىلمەي، تۈپتۈز تۇرۇپتۇ. ئۇ خاتا قىلغان» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ، رەسسام ھېچقانداق مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەپتۇ. ئۇلار مۇشۇنداق ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلار ئارقىلىق سەنئەتكارلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە بولۇشقا ئۈندەپ، سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىگەندە ئۇزاق ۋاقىت تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە تۈرتكە بولىدىكەن».

بىزدە جۇڭگولۇقلار ۋە ئۇلار ياشىغان جايلار توغرىسىدا كۆپچىلىككە بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ماتېرىيال ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلار بار ئىدى. كونا ئەسىرىمىز بولغان «ئۆتكەن زامان تارىخى» ۋە «ئوتتۇرا ھال بايان»لاردا ئوخشاش مەزمۇنلارنى خېلى مۇكەممەل بايان قىلغاندۇق. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ كېيىنكى سەھىپىلىرىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ، بۇ مەسىلىنى يەنە ئاز ـ تولا بايان قىلىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر كىتابىمىزدا ئالدىنقى ئىككى ئەسىرىمىزگە كىرگۈزەلمىگەن بەزى تەپسىلاتلارنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتىمىز.

(تەرجىمە قىلغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ پېنسىيونېرى، ئالىي تەرجىمان)

# كۇچادىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تىبابەتچىلىككە دائىر ئۈچ قىسىملىق ۋەسىقە ھەققىدە

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

## مۇقەددىمە

ھازىر «كۇچا» دەپ ئاتالغان بۇ يۇرت ئەينى زاماندا بۈگۈنكى شايار، توقسۇ، باي ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور تېررىتورىيىدىن تەركىب تاپقان ھەمدە كۇچانى مەركەز قىلغان بولۇپ، تارىختىكى مەشھۇر «كۇسەن خانلىقى»نى رويابقا چىقارغانىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 – 3 – ئەسىرلەردىن مىلادىيە 10 – ئەسىرلەرگىچە بولغان مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا كۇسەن خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي يولىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە، يەنى كۇسەن خانلىقىغا بىۋاسىتە قاراشلىق يۇقىرىدىكى تۆت ناھىيىدىن تاشقىرى بۈگۈنكى ئاقسۇ شەھىرى، ئۈچتۇرپان، كەلپىن، ئاۋات، ئونسۇ، مارالبېشى، بۈگۈر، كورلا ۋە لوپنۇرغىچە يېتىپ بارغان. بۇ خانلىق گۈللەنگەن ۋاقىتلاردا تەسىر دائىرىسى ھەتتا تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ تاكى خوتەن، يەكەن، قەشقەر ئەتراپلىرىغىچە يېتىپ بارغانىدى. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت دىيارىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بۇ خانلىق دائىرىسىدە تارىختىن بۇيان ئىلگىرى – كېيىن توخرى، ھون، ئېگىز قاڭقىللار (تورالار)، تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. پروفېسسور سۇ بېيخەي: «ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۇسەن خەلقى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ يېڭى تاشقوراللار دەۋرىدىن تارتىپلا يەرلىك خەلق ئىدى، تارىخ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ توخرى، ئۇيسۇن، ھون، ئېگىز قاڭقىللار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار كۇسەن خەلقى تەركىبىگە ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىرىپ، تارىختىكى كۇسەن ھونلىرى، كۇسەن ئېگىز قاڭقىللىرى، كۇسەن تۈركلىرى ھەم كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۇسەن خەلقىنى زور دەرىجىدە ئاۋۇتۇپ، قۇدرەت تاپقۇزدى»① دەپ يازغانىدەك، ئوتتۇرا ۋە يېڭى تاشقوراللار دەۋرىدىن تارتىپلا بۇ جايدا ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى بولغان توخرىلار، ھونلار، ئېگىز قاڭقىللار،

تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ئاساسىي ئاھالە بولۇپ ياشاپ كەلگەنىدى.

دوكتور ئالبېرت. رىگېل ئېيتقاندەك، «رىم خارابىسى سىياقىدىكى خارابە»گە ئايلىنىپ كەتكەن قەدىمكى كۆسەن شەھەر ـ قەلئەلىرىدە ئەجدادلىرىمىز ياراتقان تارىخنىڭ ئېپتىخارى سۈپىتىدە پارلاق كۆسەن مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن ۋە قالتىس روناق تاپقانىدى. شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئەينى زامان كۆسەن خانلىقىنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردا ـ قەسىرلىرى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ يادىكارلىقلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. پەقەت قەدىمكى كۆسەنىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەدىمكى كۆسەن ھاياتى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئىسپاتى سۈپىتىدە ئەۋلادلىرىغا كۆنسايىن ئايان بولۇشقا باشلىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ ـ تەكشۈرۈشلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، خانتەڭرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى قەدىمكى كۆسەن جايلاشقان قىزىل دەريا، مۇزئارت دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى ۋادىلىرىدىكى بىپايان كەڭ زېمىندىن، بولۇپمۇ كۆسەننىڭ ئاساسلىق پايتەختى مۆلچەرلىنىۋاتقان قارادۆۋە (چوڭ تۆپە) دىن قېزىۋېلىنغان تاش پىچاق، تاش ئورغاق، قوپال ساپال ئىدىشلار، رەڭدار ساپال ئىدىشلار، سۆڭەك يىڭنە، سۆڭەك بىگىز، ئوقيا بېشى، دەندان ـ سۆڭەك ۋە مىس زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى[2] بىلەن قىزىلدىكى ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان نەپىس مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى[3] قەدىمكى كۆسەن ئاھالىلىرىنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى ئىسپاتلىدى[4].

«خەننامە» قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردە كۆسەن دۆلىتىدە 80 مىڭدىن كۆپرەك ئاھالە بار ئىدى. بۇ ئەلنىڭ يۈگۈرۈك ئاتلىرى، ئۈزۈمى، يۇڭ توقۇلمىلىرى، تېبابەتچىلىك دورا ـ گىياھلىرى ۋە نازۇك زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى خەلقئارادا ناھايىتى مەشھۇر ئىدى[5]. چوڭ ـ چوڭ بايرام ياكى يىغىلىش بولغان كۈنلەردە چېلىنىش قاتارلىق ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى[6]. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى كۇچا رايونىمۇ غەربىي دىياردىكى باشقا قەدىمكى شەھەر دۆلەتلىرىگە ئوخشاش ھون ھۆكۈمرانلىرىغا قارايتتى[7]. مىلادىيە 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ بۇ دائىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى يەپتاللار (ئاق تەنلىك ھونلار، ئېپتالىتلار، ئابداللار) نىڭ قولىغا ئۆتتى[8]. مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇلار تۈركلەرگە سەھنە بوشاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۇچا رايونى «غەربىي تۈرك» دەپ ئاتىلىدىغان ئەلنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى. كېيىن مىلادىيە 8 ـ 9 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ كۇچا ئاھالىلىرى «كۆسەن ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. شۇ زامانلاردا ئۇ يەردىكى توخرى تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم خەلقلەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلىشىپ بولدى. قىسقىسى، كۇچا رايونىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر باشتا تۈركىي تىلدا، كېيىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھامان ئاساسىي خەلق بولۇپ كەلدى.

ھازىرغىچە بۇ جايدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر بىلەن تارىخىي خاتىرىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، قەدىمكى كۆسەن ئاھالىلىرىنىڭ يېڭى تاشقوراللار ۋە ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىلا ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن مەدەنىلەردىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاشنى بىلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. كۆسەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەر يېزىق ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن تارتىپ، توخرى يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، خوتەن ساك يېزىقى، بىراھمى يېزىقى، تۈرك يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردا نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي،

دىنىي، سىياسىي - ئىقتىسادىي ئەسەرلەرنى يېزىپلا قالماي، بەلكى تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىككە دائىر ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن ئىچكى - تاشقى كېسەللىكلەر، بەش ئەزا كېسەللىكلىرىگە دائىر ئەسەرلەر ۋە ئەمەلىي تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن نۇرغۇنلىغان رېتسېپلارنىمۇ يېزىپ قالدۇرغان. شۇ قاتاردا يەنە ھىندىستان قاتارلىق قوشنا ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىككە دائىر نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى ئۆز تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ پايدىلانغان.

ئەپسۇسكى، كۆسەن ئاھالىلىرى نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا ئەجدادلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ توپلىغان مول تەجرىبىلەرگە ئاساسەن يازغان تېببىي ئەسەرلەر، رېتسېپلار، دورا - گىياھ خۇسۇسىيەتلىرىگە دائىر ۋەسىقىلەر كېيىنكى مىڭ يىل جەريانىدا ئىجتىمائىي، سىياسىي، دىنىي ئۆزگىرىشلەر ھەم تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران قىلىنىپ، ئىزى ئۆچۈپ كېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە ساقلىنىپ قالغانلىرى ھەم قارا يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقانلىرىمۇ 19 - 20 - ئەسىرلەردە تۇركۈم - تۇركۈملەپ دىيارىمىزغا كەلگەن چەت ئەل «ئارخېئولوگ» لىرى ۋە «ئېكسپېدىتسىيىچى»لىرى تەرىپىدىن نەچچە يۈز ساندۇققا قاچىلىنىپ ئېلىپ كېتىلگەن⑨.

## ۋەسىقىنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى

19 - 20 - ئەسىرلەردە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيە، دانىيە، فىنلاندىيە، نورۋېگىيە، ياپونىيە، رۇسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ «ئارخېئولوگ»، «ئىلمىي تەكشۈرگۈچى» ۋە «ئېكسپېدىتسىيىچى»لىرىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك يۇرت — كۇچا دىيارىغا بەس - بەستە ئاياغ بېسىشى بىلەن بۇ يەردە «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»، «كېپەن ئوغرىلىرى» ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە شەكىللەندى. نامراتلىق ۋە نادانلىق سەۋەبىدىن بەزى كىشىلەر قەبرە - خارابىلەرنى خۇپىيانە كولاپ تاپقان تۈرلۈك يادىكارلىق - ۋەسىقىلەرنى ئەجنەبىيلەرگە ئەرزان باھادا ساتسا، يەنە بەزىلىرى ئۇلارغا يول باشلىغۇچى بولدى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش - يۆتكەش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، «گۆھەر» ئۇقۇشۇپ بېرىش ۋە تېپىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتى. مۇشۇنداق شارائىتتا، يەنى 1889 - يىلى بىر قىسىم «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» كۇچا ناھىيە بازىرىغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدىن نۇرغۇن قەدىمىي بۇيۇملار بىلەن بىرگە قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا سانسكرىت يېزىقى⑩ بىلەن يېزىلغان بىرمۇنچە ۋەسىقىلەرنىمۇ تاپقان. 1890 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگۇيى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بوۋېر (H.Bower) كۇچادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، سودىگەرلەر قولىدىن يۇقىرىدىكى قېيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان ۋەسىقىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىۋالغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ۋەسىقىنىڭ ماۋزۇسى بولمىغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «بوۋېر قولىيازما نۇسخىسى» (The Bower Manuscript) دەپ ئاتاشقان. شۇ يىلى كۈزدە بوۋېر ھىندىستانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ ۋەسىقىنى بېنگال ئاسىيا ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ئەنگلىيىنىڭ شاڭشاۋ دەرىجىلىك ئەمەلدارى ۋاتېرخوسقا (J.Waterhouse) ھەدىيە قىلغان. 1891 - يىلى 2 - ئايدا بېنگال ئاسىيا ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ تىلشۇناسلىق بويىچە كاتىپى بولۇپ ئىشلەۋاتقان خوئېرنل (A.F.R.Hoernle) مەزكۇر ۋەسىقىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن ھەمدە شۇ يىلى 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان «بېنگال ئاسىيا ئىلمى جەمئىيىتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ قىسمەن تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان.

1893 ـ يىلى خوئېرنل «بوۋېر قولىيازما نۇسخىسى»نىڭ 1 ـ قىسمىنىڭ يېشىپ ئوقۇش ۋە تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى تاماملىغان. 1894 ـ يىلىدىن 1895 ـ يىلىغىچە 2 ـ قىسمىنى تاماملىغان. 1897 ـ يىلى 3 ـ قىسمىدىن 7 ـ قىسمىغىچە تاماملاپ، ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ ئېلان قىلغان. ئارىلىقتا بىر نەچچە يىل توختاپ، 1908 ـ يىلىغا كەلگەندە، ۋەسىقىنىڭ سانسكرىت يېزىقىدىكى ئىندېكس بىلەن بارلىق سۆزلۈكلەر جەدۋىلىنى تاماملاپ نەشر قىلدۇرغان. 1909 ـ يىلىغا كەلگەندە بارلىق ۋەسىقە ئىچىدىكى تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك قىسمىنى قايتا تەرجىمە قىلىپ چىققان. 1912 ـ يىلى بوۋېر قولىيازما نۇسخىسىنى تولۇق ئىشلەپ تۈگىتىپ، نەشر قىلىش خىزمىتىنى تاماملىغان.

## ۋەسىقىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى خوئېرنل «بوۋېر قولىيازما نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان بۇ ۋەسىقىنى سەككىز پاراگرافقا بۆلگەن: 1 ـ پاراگرافتا قولىيازمىنىڭ بايقىلىش ئەھۋالى، 2 ـ پاراگرافتا مەزمۇن تەرتىپى توغرىسىدىكى بايانلار، 3 ـ، 4 ـ پاراگرافلىرىدا خەت نۇسخىسى، يېزىلىش ئۇسلۇبى ھەم گراماتىكىسى توغرىسىدىكى بايانلار، 5 ـ پاراگرافتا يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار، 6 ـ پاراگرافتا «جەۋھەرنامە» (Naranitaka) نىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ۋاقتى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار، 7 ـ پاراگرافتا تىلى ۋە يېزىلىش ئۇسلۇبى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار، 8 ـ پاراگرافتا ئاساسىي تېمىسى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. ئۇ ۋەسىقىنىڭ كىرىش سۆزىدە ئۇنىڭ تېپىلغان جايى، خەت شەكلى، گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى كۆپ جەھەتتىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغان. خوئېرنلنىڭ قارىشىچە، ۋاقىت جەھەتتىن قارىغاندا، «بوۋېر قولىيازما نۇسخىسى» تەخمىنەن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى تەخمىنەن ئەسلىي كىتابتىن بىۋاستە كۆچۈرۈلگەن.ئۇ يەتتە قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالدىنقى ئۈچ قىسمىدا تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىككە ئائىت يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مۇھىم مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. 4 ـ، 5 ـ قىسىملىرى سەل قىسقىراق بولۇپ، ئۇلاردا سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان ئىپتىدائىي پالچىلىققا دائىر «پالنامە» (Pasaka – lavek) دېگەن كىتابقا ئالاقىدار مەزمۇنلار، يەنى شىشخال بىلەن پال سېلىش ئارقىلىق مەلۇم كىشىنىڭ كەلگۈسىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى بايان قىلىنغان (ھازىرغىچە دىيارىمىزدىن ھەر خىل يېزىقتىكى نۇرغۇن پالنامىلەر تېپىلىپلا قالماي، ئېچىپ رەم سالىدىغان شىشخاللارمۇ تېپىلدى[11]، بۇ قەدىمدە بىر خىل كاتتا ئىلىم ھېسابلىناتتى). 4 ـ قىسمى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 64 خىل پال ئېچىپ رەم سېلىش ئۇسۇلى يېزىلغان. 5 ـ قىسمى پالچىلىق قوللانمىسىنىڭ قىسمەن پراگمېنتلىرى (يەنى كەمتۈك قىسمى) دىن ئىبارەت. 6 ـ، 7 ـ قىسىملىرى بولسا ئەسلىدە بىر خىل مەزمۇندىكى ۋەسىقە بولۇپ، ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەندە «داراجنى» (Dharajni) دەپ ئاتىلىدىغان زەھەرلىك يىلان ۋە باشقا جىن ـ ئالۋاستىلار زىيانكەشلىك قىلغان كىشىلەرگە مەخسۇس ئوقۇلىدىغان ئەپسۇندىن ئىبارەت. مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر قىسىملىق بۇددا نومىغا ئوخشاپلا قالماي، بەلكى نامىمۇ «بۈيۈك توز يورۇقلۇق ئىلاھى خانىشى ئەپسۇن

سۈترىسى»(Mahamaynuri Vidyajni) نىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

«بوۋېر قولىيازما نۇسخىسى»دىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇن تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك قىسمىدا ساقلىنىپ قالغان ئەجدادلىرىمىز تېببىي مىراسىدىن ئىبارەت. ئۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ بالدۇرقى سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم تېببىي ۋەسىقە بولۇپ، جەمئىي ئۈچ جىلدتىن تەركىب تاپقان. 1 ـ جىلدى تولۇق ساقلانمىغان (ئارىلىقتىكى بەزى بەتلىرى كەم ياكى يىرتىلغان) بولغاچقا، تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭدىكى دورا ناملىرى ۋە رېتسېپلارغا قاراپ، ئۇنىڭ قايسى خىلدىكى تېببىي ۋەسىقىگە تەۋە ئىكەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىغان. بۇ جىلدنىڭ ئاخىرى كەم (يوق)، تېمىسى يوق، جەمئىي بەش ياپراق، 132 قەسىدە ساقلىنىپ قالغان. ئۇ بىر دورا تەڭشەش قوللانمىسى (Kalpa) دىن باشلانغان بولۇپ، بۇ قوللانما 43 قەسىدىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قاپىيىسى ئاساسەن ئوخشاش. ئۇنىڭدا سامساق ھەققىدىكى قىسسە ـ چۆچەكلەر، ئۇنىڭ نامى، تەبىئىتى، سامساق بايرىمىدىكى مۇراسىم شەكلى، سامساق بىلەن باشقا دورىلارنى تەڭشەش رېتسېپلىرى ھەمدە ئۇنىڭ داۋالاشتىكى ئۈنۈمى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. 43 ـ قەسىدىدىن كېيىنكىلىرى قارىماققا يەنە باشقا بىر دورىگەرلىك قوللانمىسى (tantra)غا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇنلىغان دورا ناملىرى ھەم تېبابەتچىلىككە دائىر ئەقلىي بايانلاردىن تەركىب تاپقان. 44 — 51 ـ قەسىدىلەردە ئاساسلىقى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا دائىر مەزمۇنلار نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. 52 — 54 ـ قەسىدىلەردە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ساقلاش ئۇسۇلى، 55 — 59 ـ قەسىدىلەردە دورا ياساش ئىلمى ھەققىدىكى ئىزاھاتلار، 60 — 67 ـ قەسىدىلەردە تۈرلۈك رېتسېپلارنى كىرىشتۈرۈش ئۇسۇلى، 68 — 86 ـ قەسىدىلەردە ھەرخىل كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، 87 — 105 ـ قەسىدىلەردە مەلھەم دورىلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى، 106 — 120 ـ قەسىدىلەردە كۆزگە تېمىتىلىدىغان سۇيۇق دورا ھەققىدىكى مەزمۇنلار ۋە باش، چاچنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، 121 — 132 ـ قەسىدىلەردە يۆتەلنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان.

بۇ تېببىي ۋەسىقىنىڭ 2 ـ جىلدى خېلى مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 32 ياپراققا 1119 قەسىدە يېزىلغان. بۇ بىر ئەمەلىي قوللىنىلغان رېتسېپلار توپلىمى (كىتابچە) بولۇپ، ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تەتقىقاتچى ـ ئالىملارنىڭ پەرىزىگە قارىغاندا، بۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر خىل تېببىي كىتابلارنىڭ جەۋھەرىنى تاللاپ تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم. شۇنداق بولغاچقا، ۋەسىقىنىڭ بېشىدىلا ئۇنىڭغا سانسكرىتچە «جەۋھەرنامە» (naranitaka) دەپ ئات قويۇلغان.

خوئېرنلىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇ تېببىي ۋەسىقىنىڭ 15 ـ، 16 ـ بابلىرى يوقالغان.

بۇ ۋەسىقىنىڭ 3 ـ جىلدى بولسا، قەدىمدە يېزىلغان مەلۇم بىر تېببىي كىتابنىڭ ياكى رېتسېپلار توپلىمىنىڭ قالدۇق ۋاراقلىرى ئىكەن. ئۇنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى يوقالغان، ئارانلا تۆت ياپراق، 72 قەسىدە ساقلىنىپ قالغان. ئەمما، ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىكى مەزمۇنلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدا مايدىن ياسىلىدىغان دورىلار، پارچە (يەككە) دورىلار، سۇركىمە دورىلار، سېرىقمايدىن ياسىلىدىغان دورىلار، كۇمىلاچلىق دورىلار، شېكەر قىيامىدىن ياسىلىدىغان دورىلار ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

كىتاب نۇر بېكىتى www.nurkitap.com



# ۋەسقىنىڭ نەزەرىيىۋى ئالاھىدىلىكى

كۆچادىن تېپىلغان بۇ تېببىي ۋەسقە، يەنى ئەنگلىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن «بوۋېر قولىيازما گەرچە تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى ھەققىدە مەخسۇس توختالمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇنلىرى ئارىسىدا تېببىي نەزەرىيىلەر ھەققىدىكى بايانلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ۋەسقىنىڭ بىرقەدەر بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان ۋاراقلىرىدا ئوخشاشمىغان پەسىللەردە ئوخشاشمىغان سۈيۈق دورىلارنى ئىشلىتىش، ھەزىم قىلىش ھالىتى ۋە تېۋىپلارنىڭ تەدبىرلىرى، كېسەللىكلەر سانى، بەش خىل داۋالاش ئۇسۇلى قاتارلىق ئەينى زامان تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى ھەققىدە بەزى بايانلار بار.

1. ئوخشاشمىغان پەسىللەردە ئوخشاشمىغان سۈيۈق دورىلارنى ئىشلىتىش

بۇ ۋەسقىنىڭ 1 ـ جىلد 93 ـ قەسىدىسىدە «يامغۇر پەسلىدە ئۆلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇ (قالايمىقانلاشتۇرۇلغان) شامال دارىشتىن بولغان كېسەللىكلەرنى ساقايتقىلى بولىدىكەن. كۈز پەسلىدە ئۆلار مەلۇم دورىلارنى ئىشلىتىپ، ئاشۇ (قالايمىقانلاشتۇرۇلغان) سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالىغان؛ ياز پەسلىدە ئۆلار (قالايمىقانلاشتۇرۇلغان) ئاشۇ قاندىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالىغان؛ باھار پەسلىدە ئۆلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇ (قالايمىقانلاشتۇرۇلغان) بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى بولىدىكەن» دېيىلگەن. مۇشۇ جىلد 92 ـ قەسىدىدە «يۇقىرىدىكى ئالتە قەسىدىدە تەسۋىرلەنگەن ئالتە خىل مەلھەم دورىنى يۇزگە ئىشلەتسە، كېسەل ياز پەسلىدىمۇ ئوخشاشلا ساقىيىدۇ» دېيىلگەن. 1 ـ جىلد 108 ـ قەسىدىدە «يامغۇر پەسلىدە شامال، كۈز پەسلىدە سەپرا، ياز پەسلىدە قان، ئەتىياز پەسلىدە بەلغەم...» دېگەندەك پەسىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر پەلسەپىۋى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەنگەن.

2. ھەزىم قىلىش ھالىتى ۋە تېۋىپلارنىڭ تەدبىرى

1 ـ جىلد 50 ـ قەسىدىدە «ئەگەر يېمەكلىكلەر ياخشى ھەزىم قىلىنمىسا، ئاشقازاننىڭ سىغىمچانلىقى تۆۋەنلەپ ئاجىزلايدۇ. بۇ بارلىق كېسەللىكلەرنىڭ مەنبەسى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق تۆت خىل: ئاشقازان توشۇپ قالىدۇ، شۆلگەي (سېرىقسۇ) ئاچچىق بولىدۇ، ئىچىدىن يەل (ئۇسۇرۇق) ئۆتۈشمىگەچكە ئاشقازاندىكى نەرسىلەر ھەزىم بولمايدۇ، چوڭ تەرەت راۋان بولمايدۇ» دېيىلگەن. 1 ـ جىلد 44 ـ قەسىدىدە «يېمەكلىك ياخشى ھەزىم بولسا، بەدەندىكى كۆپ خىل ئېلېمېنتلار نورمال ھالەتتە بولىدۇ. بەدەن ساغلام، تولغان، روھلۇق، مەزمۇت بولۇپ، ئۆمۈر ئۇزۇن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا باغلىق» دېيىلگەن. 1 ـ جىلد 47 ـ، 48 ـ قەسىدىلەردە «ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى تەندىكى كۆپ خىل ئېلېمېنتلارنىڭ تەڭپۇڭ ھالىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالىغاندا، ئۇ نورمال ئادەم ھېسابلىنىدۇ، بەلكى ئەڭ ياخشى ھالەت دەپ قارىلىدۇ. ھەزىم نورمال بولمىغاندا، سۈت، سېرىقماي، خابۇش (habush) قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش لازىم. ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلاشقاندا، ئاۋۋال يېمەك ـ ئىچمەكنى دەرھال توختىتىپ، ئاندىن دورا يېيىش ئارقىلىق ئاشقازاننى ياخشىلاش، يېمەك ـ ئىچمەكنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىش لازىم» دېيىلگەن.

1 ـ جىلد 50 ـ قەسىدىدە «ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى بەك ئاجىزلاپ ياكى بەك كۈچىيىپ كەتكەندە، ئەلۋەتتە مۇۋاپىق داۋالانمىغان شارائىتتا نۇرغۇن كېسەللىكلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ھەزىم قىلىش نورمال بولغاندا، ئادەم داۋاملىق ياشىيالايدۇ» دېيىلگەن.

3. كېسەللىكلەرنىڭ سانى

3 ـ جىلد 12 ـ قەسىدىدە «ئۇنى (بىر خىل ماي) جاراھەتلەنگەن ئورۇن سومۇرۇپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئادەم مۇۋاپىق يېمەكلىك ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. بۇ خىل مايىنى داۋاملىق ئىشلىتىپ بەرسە، 18 خىل تېرە كېسەللىكى تۈپتىن ساقىيىدۇ. مەسىلەن، مۇشۇ ماي بىلەن روھىي ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان خىلمۇخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاپ شىپا تاپقۇزغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن.

1 ـ جىلد 86 ـ قەسىدىدە «ئۇ ئادەم بەدىنىدىكى 36 خىل تېرە كېسەللىكى ۋە يەتتە رايوندىكى ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ» دېيىلگەن.

1 ـ جىلد 256 ـ، 257 ـ قەسىدىلەردە «ئۇ بەش خىل ئۆسمىنى داۋالىيالايدۇ، خۇددى كەڭ تەبىئەتنى ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرۇپ پۈتكۈل يەر يۈزىنى گۇمران قىلالايدىغان قۇدرەتلىك ئاشۇرۇغا ئوخشاش» دېيىلسە، 237 ـ، 238 ـ قەسىدىلەردە «ئۇ بەش خىل ئۆسمە، سەككىز خىل سۇلۇق ئىششىق، ئىششىقتىن بولغان كۆپۈش، چىڭقىلىش، ئۆپكە ياللۇغى، جاراھەت ۋە 21 خىل سىيدۈك يولى كېسەللىكى قاتارلىقلارنى داۋالىيالايدۇ» دېيىلگەن.

2 ـ جىلد 161 ـ قەسىدىدە «بۇ رېتسېپ بەش خىل يۆتەلنى دەرھال داۋالىيالايدۇ» دېيىلسە، 499 ـ قەسىدىدە «بۇ رېتسېپ بەش خىل يۆتەل ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر خىل يۆتەلنى دەرھال داۋالىيالايدۇ» دېيىلگەن.

2 ـ جىلد 741 ـ قەسىدىدە «بۇ خىل ماي سۈرتۈش دورىسى، ئىچىملىك، بۇرۇنغا تىقىش دورىسى ھەم ئۈچەي تازىلاش دورىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلسە، شامال دارىشتىن پەيدا بولغان 90 خىل كېسەللىكنى ھەيدەپ چىقىرىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېيىلگەن.

4. بەش خىل داۋالاش ئۇسۇلى

بەزى ئالىملار بۇ «بەش خىل داۋالاش ئۇسۇلى» (penca – vidha kriya ياكى penca – vidham kar ma)نى قەدىمكى ھىندىستانلىقلارنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى دەپ قارىسا، يەنە بەزى ئالىملار قەدىمكى تارىم ئاھالىلىرى، جۈملىدىن قەدىمكى كۇسەن خانلىقىدىكى تېۋىپلار كېسەل داۋاشتا قوللانغان، دەپ قارايدۇ. بۇلار قۇستۇرۇش ئۇسۇلى (rarman)، ئىچىنى سۈردۈرۈش ئۇسۇلى (vireka)، بۇرۇندىن دورا تىقىش ئۇسۇلى (nasya)، ئاستا ـ ئاستا (دەم ئالدۇرۇپ) داۋالاش ئۇسۇلى (biruha) ۋە مايلىق دورىلار بىلەن ئۈچەينى تازىلاش ئۇسۇلى(anuvasana) دىن ئىبارەت. ئۇلارنى قەدىمدە دىيارىمىز ئاھالىلىرى ھاياتىدا، جۈملىدىن تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىشلىرىدا خېلى كەڭ قوللانغان.

مەسىلەن، بۇ ۋەسىقىنىڭ 2 ـ جىلد 1023 — 1025 ـ قەسىدىلىرىدە «بالىلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئېنىقلىنىشتىن ئىلگىرى، تېۋىپ چوقۇم ئۇلارغا ھەر خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىغان كۆملاچ دورىدىن بىرنى قايناق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تېۋىپ چوقۇم كېسەل بالىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا قارىتا ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن ۋاقىت ۋە پەسىلگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. تېۋىپ يەنە كېسەل بالىنىڭ سۈت ئانىسىغا قارىتا ئىچىنى سۈردۈرۈش (ئىككى خىل)، قۇستۇرۇش (ئىككى خىل)، مايلىق دورىلار بىلەن ئۈچەينى (ئىچىنى) تازىلاش قاتارلىق بەش خىل داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى لازىم» دېيىلگەن.

## ۋەسىقىدىكى رېتسېپلار ھەققىدە

«بوۋېر قولىيازما نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان بۇ مۇھىم تېبىبىي ۋەسىقىدە ئەينى زاماندا دىيارىمىز تېۋىپلىرى ئىجاد قىلىپ ھەم سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ ئىشلەتكەن نۇرغۇنلىغان رېتسېپلار خاتىرىلەنگەن

بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇكەممەل ساقلانغان ھەم مۇھىم قىممەتكە ئىگە رېتسېپلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت.

1. ئاچچىق دورىلار (tikta－sarpi) رېتسېپى

سېرىقچاي ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان ئاچچىق دورىلار (يەتتە قەسىدىدە شۇنداق بايان قىلىنغان). تۆۋەندىكى دورىلىق تەركىبلەردىن، يەنى يىلىم دەرىخى شېكىرى (sapta－chada)، ھىندىستان قاغىسىنىڭ بېشى (prativisa ئىلمىي نامى Aconitum het W lophyllium)، پارپاتاكا (parpataka)، نىكتوروخىمى (tiktorohimi، ئىلمىي نامى kurroapicriorrhiza)، قىياق (ئىلمىي نامى Gsudnutor surepy)، خۇش پۇراقلىق ئوت يىلتىزى (suira)، پاختا (pahta)، ياۋا قاپاق (sa myaka)، ئارستا(Arsta يەنى ئىلمىي نامى sapnidos datergns roxb)، گىرە قۇلاق ئوت (parpataka)، پارس تۆگىسى سۈتى (ئىلمىي نامى maouorum AL hagi)، ئاق سەندەل (canada)، قارىمۇچ، شۇمۇرت (pdmak يەنى ئاق چېچەكلەيدىغان بىر خىل خۇشبۇي دەرەخ)، زەرچىۋە(haridra)، پاجائىن (pajain)، ئېگىر، دورىلىق تاۋۇز (vsal)، مەرۋايىتگۈل يىلتىزى (satavar)، تىكتا (tikta)، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى دەرەخ ئۇرۇقى (vatsakakurch)، ئۈردەكتۇمشۇقگۈل چېچىكى (vasica adhatoda)، يولۋاسقۇلاق (murva)، چۇچۇكبۇيا (Vulharis Gendarussa)، ياۋا ئەنجۈر (trayamana) قاتارلىق 28 خىل دورىلىق تەركىبلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىپ، ئۇلارغا شۇلارنىڭ تۆت ھەسسىسىگە باراۋەر سېرىقچاي ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئارقىدىن يەنە سېرىقچاينىڭ سەككىز ھەسسىگە باراۋەر سۇ ۋە سېرىقچاينىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر مېۋە شەربىتى قوشۇلۇپ، بىرلىكتە قاينىتىلىپ كۆملاچ ياسىلىدۇ. بۇ دورا بەزى خىلتلار ۋە ئۆت سۇيۇقلۇقىدىن بولغان تېرە كېسەللىكى، مەقئەت ئەتراپىدىكى قان توسالغۇغا ئۇچراشتىن كېلىپ چىققان بوۋاسىر، سەرەمەس، ئۆت سۇيۇقلۇقىدا قان پەيدا بولۇش، ئادەت خاراكتېرلىك قاناش ھەمدە چىرايى تاتىرىش، خالتىلىق يىرىڭلاش، قىچىشقاق، قوتۇر بېسىش، دېۋەڭلىك، ساراڭلىق، چىرايىغا سېرىقلىق چۈشۈش، قۇرت كېسەللىكى، دۆڭچە ئەسۋە (تېرىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەسۋە)، ھەيز قالايمىقانلىشىش ۋە لىمفا بېزى ياللۇغلىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. لېكىن، ئۇ مۇۋاپىق ۋاقىتتا ھەمدە كېسەلنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ تىپتىكى سېرىقچايلىق رېتسېپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىشلىتىلىش ھەم ماس كېلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن باشقا ھەرقانداق رېتسېپلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» («بوۋېر قوليازما نۇسخىسى»، 2 - قىسىم، 137 — 143 - بەتلەر) دېيىلگەن.

بۇ رېتسېپ نېمە ئۈچۈن «ئاچچىق دورىلار» دەپ ئاتالغان دېيىلسە، چۈنكى بۇ دورىلار ئىچىدىكى ھىندىستاندا ئۆسىدىغان ساپىندۇس (Sapindus) دەرىخىنىڭ مېغىزى، تىكتاروخىن(Tiktarohin ، ئىلمىي نامى picrorrhiza kurra) قاتارلىق ناھايىتى ئاچچىق دورىلىق ئەشيالار ئاساسىي تەركىب قىلىنغان بولغاچقا، رېتسېپ ئۇستىگىمۇ «ئاچچىق دورىلار» دەپ ئەسكەرتىلگەن⑫.

«بوۋېر قوليازما نۇسخىسى»نىڭ 2 - قىسىم 613 - بېتىدىكى بىر رېتسېپنىڭ قالدۇق سەھىپىسىدە) «ئاچچىق دورا تالقانلىرىغا سېرىقچاي ئارىلاشتۇرۇپ ئۇزاق قايناتقاندىن كېيىن، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، ماي ئارىلاشتۇرۇلغان ئاچچىق دورىلارغا ئوخشاشلا ماشىرا، سەرەمەس كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ۋە قىزىتما ياندۇرۇشتا ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ» دېيىلگەن بولسا، 2 - قىسىم 56 — 58 - بەتلىرىدە يەنە مۇنداق بىر رېتسېپ خاتىرىلەنگەن: «قىياق، قاقىلە (چوڭ

لاچىندانە)، پېترو سېلىنىس دەرىخى يوپۇرمىقى، خۇشبۇي يىلتىزلىق ئوت (usira)، كىرژىش، ئۈچ ئىسسىق دورا، ھىندىستان خولارخېنا ئانتىدىيېسنېرىكا دەرىخى ئۇرۇقى ۋە قوۋزىقى، تىكتاروخىن، كىدىر قارىغىيى، راجانى قوۋزىقى، قوزىقۇلاق، دارچىن دەرىخى قوۋزىقى، ياۋا كاۋا، ئېگىر، مۇرۋا (murva)، كىراتاتىكتاكا (kiratatiktaka)، لازا كۆتىكى، ياۋا ئۆرۈك، مەستىكى رۇم، قاقىلە (چوڭ لاچىندانە)، بۇۋانە قاتارلىق دورىلىق ئەشيالار تالقان قىلىنىدۇ. بۇ دورا «ئاچچىق دورا» نىڭ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرى، قورساق ئىچىدىكى ئۆسمە ۋە ھەرخىل ئاغرىق قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ناھايىتى ياخشى شىپالىق رولى بولۇپ قالماي، يەنە قالايمىقانلاشقان ئۈچ خىل سۇيۇقلۇق (خىلىتلار) كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەرقانداق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ» دېيىلگەن.

2. يۆتەلگە شىپالىق دورىلار رېتسېپلىرى

قولىيازمىنىڭ 2 ـ قىسىم 160 ـ، 161 ـ بەتلىرىدە مۇنداق بىر رېتسېپ خاتىرىلەنگەن: «پاكىز قاچىغا سېرىق مېۋىلىك پىدىگەننىڭ سۈيىنى چىقىرىپ (بىر لىتىر)، ئۇنىڭغا سېرىقماي (تۆت لىتىر) ئارىلاشتۇرۇپ قايىنىتىپ، ئاندىن ئۈچ خىل ئىسسىقلىق دورا، چۈرۈك كەترەن، ئۇغرىتىكەن (تۆمۈر تىكەن)، جۇخارگۈل چېچىكى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم دورا ياسىلىدۇ. بۇ دورا بەش خىل يۆتەلگە شىپا بولۇپ، دەرھال ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ».

2 ـ قىسىم 476 ـ، 477 ـ بەتلەردە يەنە مۇنداق بىر رېتسېپ خاتىرىلەنگەن: «ئۈچ خىل ئىسسىقلىق دورا، ئۇچقۇلاق ئوت، شۇمۇرت (ئاق چېچەكلەيدىغان بىر خىل خۇشبۇي دەرەخ)، كېدىر قارىغىيى، سېرىق چېچەك باشقى ۋە چۈچۈمەل پىلەك قاتارلىق دورىلىق خام ئەشيالار بىرلىكتە تالقانلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا شېكەر، مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل ۋە ئاچچىق ياغ قوشۇلۇپ، قىيام تەييارلىنىدۇ. بۇنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بەش خىل يۆتەلگە ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ».

2 ـ قىسىم 482 ـ، 483 ـ قىسىملەردە يۆتەل داۋالاشتا قوللىنىلىدىغان يەنە مۇنداق ئۈچ خىل رېتسېپ خاتىرىلەنگەن: «① ھىندىستان بەرخۇت دەرىخى، تاتلىق مېۋە، ئۈزۈم، قورۇلغان گۈرۈچ، قارىمۇچ، تاش ھەسەل قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مەلھەم تەييارلىنىدۇ. ② ئۈزۈم، پىستە، ئۈچ خىل ئىسسىقلىق دورا، ئۈچ مېۋە، قارا كۆز بەدىيان ئۇرۇقى ۋە ئاق چېچەكلىك مودەن يىلتىزى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورا تەييارلىنىدۇ. ③ ئۈچ خىل ئىسسىقلىق دورا، كېدىر قارىغىيى، ئۈچ مېۋە، شېكەر ۋە سېرىق چېچەك باشقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورا تەييارلىنىدۇ. بۇ ئۈچ خىل دورىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ماي ۋە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قىيام ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇلار مەخسۇس يۆتەلگە شىپا بولىدىغان تەڭشەلمىلەردۇر».

2 ـ قىسىم 451 ـ قەسىدىدە «مۇۋاپىق مىقداردىكى ياۋا دېڭىز چىلىنى، ئۈزۈن قارىمۇچ، قۇرۇق ئۈزۈم (كىشمىش) ۋە قورۇلغان گۈرۈچ ئۇنى قاتارلىقلارنى ھەسەل ۋە سېرىقمايغا ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلانغان دورىنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە، سەپرادىن بولغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

1 ـ قىسىم 124 ـ قەسىدىدە «زەنجىۋىل، يىڭنە يوپۇرماقلىق ئەمەن، قۇرۇق ئۈزۈم (كىشمىش)، ياۋا سىر دەرىخى، ئۈزۈنچاق قارىمۇچ ۋە زەيتۇن قاتارلىقلارغا شېكەر، ھەسەل ۋە ماي ئارىلاشتۇرۇپ قىيام تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، شامال دارىشتىن بولغان يۆتەلگە ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

### 3. باللار كېسەللىكلىرىگە شىپالىق دورىلار رېتسېپلىرى

«بوۋېر قولىيازما نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان ھەم قەدىمكى كۇسەن تېۋىپلىرى ئۇزۇن يىللىق تېبابەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ قوللىنىپ كەلگەن بۇ قەدىمىي رېتسېپلار توپلىمىدا پەقەت يۈتەلگە دائىر رېتسېپلارلا 70 خىلدىن ئاشىدۇ. باللار كېسەللىكلىرىگە دائىر رېتسېپلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، قولىيازمىنىڭ 52 ـ قەسىدىسىدە باللار كېسەللىكلىرىگە دائىر مۇنداق بىر رېتسېپ خاتىرىلەنگەن: «زەرچىۋە، چۈچۈكبۇيا، سەرەبىل يىلتىزى، ئۈنچە دەرىخى، شارىكسىمان ئوت، ئىنچىكە يوپۇرماقلىق توشقانقۇيرۇق ئوت، غولچېچى دەرىخى، شېكەر، شۇمۇرت، پېترو سېلتىس دەرىخى، ئۈزۈم، سۇ لەيلىسى (نېلۇپەر)، ئاق گۈلسامساق، يېشىل سۇ لەيلىسى، رىسابخاك (risabhak)، مېدا (meda)، كاكول (kakoli)، كىسرا كاكپلى (kisra kakpli) قاتارلىق بەش خىل دەرەخ قوۋزىقى، ئون خىل يىلتىز قاتارلىق دورا ئەشيالىرى سۇ، كالا سۈتى ۋە ماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىلىدۇ. بۇ «زەرچىۋە ئاساس قىلىنغان دورا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دورا كىچىك باللاردىكى جىيوتىكا (Jiyotika) كېسەللىكىگە، سەپرا خىلىتى سەۋەبلىك بولغان تىلما (سەرەمەس، ماشىرا) كېسەللىكىگە، ئېغىز سۇلۇق قاپارتمىسىغا، جىن ـ ئالۋاستىلار ۋە ئىبلىسلار چېپىلغاندا، ئومۇمەن باللارنىڭ ھەرقانداق كېسىلىگە ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ».

2 ـ قىسىم 1070b — 1073a ـ قەسىدىلەردە باللار كېسەللىكلىرى ھەققىدە «باللارنىڭ ئېغىزىدا سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولغاندا، ئۇلار چوقۇم ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان كىشمىش ئىستېمال قىلىشى لازىم. ياكى ئاسىيا بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقىنىڭ سۈيى بىلەن ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇپ، كېسەلنىڭ ئېغىزىغا (ئاۋۋال ئېغىزنى پاكىز تازىلاش كېرەك) تېمىتىش لازىم. ئەگەر بالا ئېغىزى ئاغرىپ كېتىپ بۇنى ئىچىشنى رەت قىلسا، يەسمەنگۈل يوپۇرمىقى بىلەن ھەسەلنى سۈركىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. قىزىلچا يىلتىزىسىمان ئوت ياغىچى تالقىنى بىلەن تاتلىق قارىغاي يېلىمى (دېۋىرقاي) دىن تەييارلانغان مەلھەمنى ئېغىزغا سۈرسىمۇ ئوخشاشلا شىپا بولىدۇ. ئېغىز ئىچى قۇرۇق ھەم پاكىز بولغاندا، سېرىقماي سۈرسىمۇ بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

قەدىمكى كۇسەننىڭ بۇ تېببىي قامۇسى خۇددى قەدىمكى ھىندىستانلىقلارنىڭ «سەككىز خىل تېخنىكا»⑬(سەككىز خىل داۋالاش ئۇسۇلى ياكى سەككىز خىل رېتسېپ بىلەن داۋالاش ھۈنىرى) سىغا ئوخشاشلا ئاياللار ۋە باللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئىككى قات ياكى تۇغۇتلۇق مەزگىلىدىكى ئاياللار، باللار ھەرخىل كېسەللىكلىرى، يۈرەك، ئاشقازان، ئۈچەي، ئۆپكە ۋە باشقا ئىچكى ئەزا كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا دائىر رېتسېپلار، ھەر خىل دورىلىق ئەشيالار، داۋالاش ئۇسۇللىرى، بىمارلارنى كۈتۈش، پەرۋىش قىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارغا دائىر ناھايىتى مول تېببىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

### 4. سامساقنىڭ شىپالىق رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش

بۇ تېببىي قامۇستا ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنىدىغان دورىلار، مەدەن دورىلار ھەققىدە نۇرغۇن تېببىي بىلىملەر بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۆسۈملۈك دورىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەنلىكى مەلۇم. بولۇپمۇ ئۆسۈملۈك دورىلار ئىچىدە سامساقنىڭ شىپالىق رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بۇ تېببىي قامۇسنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. چۈنكى، قامۇسنىڭ بېشىدىلا مەخسۇس سامساقنىڭ شىپالىق رولى ھەققىدە ناھايىتى ئۇزۇن توختالغاندىن باشقا، ئۇنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا سامساق تىلغا ئېلىنغان، ھەتتا سامساقنىڭ شىپالىق رولى ۋە دورىلىق قىممىتى كۆپتۈرۈپ

سىرلىنىلاشتۇرۇلغان.

بۇ تېببىي قولىيازمىدا سامساق ئەسلىدىكى سانسكرىت تىلى بويىچە راسۇن (rasun) ياكى راسۇنال (rasunal) دەپ ئېلىنغان (ئۇنىڭ هازىرقى ئىلمىي نامى «allium sacalonicum» دەپ ئاتىلىدۇ) ھەمدە ئۇنىڭ ئالتە خىل تەم - پۇراقتا ئىگە ئىكەنلىكى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن. مەسىلەن، سانسكرىت تىلىدا بۇ ئالتە خىل تەم - پۇراق «sad - ahdiv» دەپ يېزىلىپ، ئۇنىڭغا تاتلىق تەم - پۇراق (madhura)، ئاچچىق - چۇچۇك تەم - پۇراق (maal)، تۇزلۇق تەم - پۇراق (laval)، ئاچچىق تەم - پۇراق (katkuka)، ساپ ئاچچىق تەم - پۇراق (atkit) ۋە قىرتاق تەم - پۇراق (kasaya) دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

قولىيازمىدا سامساق ھەققىدە «سامساقتا چۇچۇك تەم - پۇراقتىن تاشقىرى، يەنە بەش خىل تەم - پۇراق بولىدۇ. سامساق يەل ۋە بەلغەمنى ھەيدەيدۇ. ئۇ باشقا دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا، ئۈچ خىل بەدەن سۇيۇقلۇقى (خىلىت) غا بارىدۇ. ئادەم ساغلام بەدەن بولۇشنى ئارزۇ قىلسا، ئەتىياز پەسلىنىڭ 2 - ئېيىدا سامساق ئىستېمال قىلىشى لازىم. كېسىلى بار كىشىلەرمۇ داۋاملىق سامساق ئىستېمال قىلىپ بەرسە ياكى تازا پىشقان سامساق ساپ ئىچىملىكى ئىچىپ بەرسە ياخشى بولىدۇ. ياكى داۋالاش پرىنسىپىغا ئاساسەن ھەر كۈنى سامساق ئىچىملىكىدىن بىر مىسقالدىن ئىچىپ بەرسە ئۈنۈمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. تۆۋەن، ئوتتۇرا ھال ۋە يۇقىرى ئۆلچىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى، تۆت، ئالتە بولو (bolo، قەدىمكى ئۆلچەم بىرلىكى) بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

1 - قىسىم 11 — 14 - قەسىدىلەردە: «سامساق شەربىتىگە ماي ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئۆت سۇيۇقلۇقىغا، كۇنجۇت يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا بەلغەم ۋە يەلگە بارىدۇ. ئۇنىڭغا ماي ياكى يىلىك ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، سىل ۋە ئىششىققا شىپا بولۇپ، ساغلام بەدەن قىلىدىغانلىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان. ئەگەر سامساقنى ئېزىپ كالا سۈتى بىلەن قاينىتىپ، ئازراق شېكەر قوشۇپ ئىستېمال قىلىپ، ھەزىم بولغاندىن كېيىن، يەنە ئازراق سۈت ياكى شورپا ئىچسە، قاناش كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ، ئىششىق قايتۇرىدۇ. مۇھىمى ئۇ سارىغلىق، تۇتقاقلىق، زەھەرلىنىش، دەم سىقىلىش (زىققە)، سەرەمەس (ماشىرا)، يۆتەل، سۇنۇق، ھەرخىل ئاغرىق، غەلىتە قۇرتلۇق كېسەللىكى، ئاشقازان كۆپۈش ۋە ئاياللار تۇغماسلىق قاتارلىقلارغا ئوبدان شىپا بولىدۇ. ئەمما قىچىشقاق ۋە بوۋاسىرغا گىرىپتار بولغانلار، بەدىنى ئاجىزلار، ئىككى قات ئاياللار ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللار سامساق شەربىتى ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز تۇتۇشى لازىم» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدىكى رېتسېپتا سامساقنىڭ تەم - پۇرىقى، خاراكتېرى، شىپالىق رولى، ئۈنۈمى، ئىچىشتىكى پەرھىزلەر ھەمدە ئون نەچچە خىل كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

قولىيازمىنىڭ 1 - قىسىم 14 — 16 - قەسىدىلىرىدە سامساق ھەققىدە «تەم - پۇراق ۋە ھەزىم قىلىش جەھەتتە ئېيتىلىشىچە، سامساق ئاچچىق دەپ قارىلىدۇ، ئەمما ھەزىم قىلىنغاندا بولسا تاتلىق دېيىلىدۇ. ئۇ يېنىك، خۇددى ئۆز پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ تەستە ھەزىم بولىدۇ. گەپ ئۇنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىدە. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، ئۇ دورىلارنى پىلتىرلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى بىلەن مەشھۇر سانىلىدۇ. خۇددى ئەڭ دەسلەپكى ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ ئاچچىق -

چۈچۈكلۈكى تەبىئىتىنىڭ ئىسسىقلىقى يەلنى ھەيدەيدۇ؛ تاتلىقلىقى ۋە ئاچچىقلىقى بولسا خۇددى ئۇنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاشلا بەدەن سۇيۇقلۇقىدىكى (خىلتلاردىكى) ئارتۇقچە ماددىلارنى ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىق تەبىئىتى، تېز ئۇنۇملۇكلۇكى ۋە ئاچچىقلىق خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئەۋلىيالار ئېيتقاندەك، ئۇ كېسەللىك خىلتلىرىنى ھەيدەيدۇ، بارلىق كېسەللىككە شىپا بولىدۇ، سۆڭەككە ئۆتكەندە بولسا، يەل ۋە سەپرانى ھەيدەيدۇ. بەلغەم خىلتلىرىنى تەڭشەيدۇ. ھەزىم قىلىشنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ، بەلكى بۇ ئەقلىي قابىلىيەت ۋە رەڭگىروينىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاستە دەپ قارىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

1 ـ قىسىم 38 ـ قەسىدىدە «سامساق بىلەن يەل ھەيدەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، يەلدىن بولغان قورساق كۆپۈش، مەيدە كۆپۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. سامساقنى ئاچچىق قىياملار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، يۆتەل ۋە كۆكلى ئېلىشىپ قۇسۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. چۈچۈكبۇيا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، كانايى ياللۇغىنى قايتۇرۇپ، ئاۋاز ياخشىلايدۇ» دەپ خاتىرىلەنسە، 40 ـ قەسىدىدە «سامساق تېرە كېسىلى، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، مەيدە كۆپۈش، يۆتەل، ياداپ كېتىش، ئاق كېسەل (بەرەس)، ھەزىم ياخشى بولماسلىق، رېماتىزىم، خۇن (ھەيز) كۆپ كېلىش، ئۆپكە كېسەللىكى، ئىچكى ئەزا نورمال بولماسلىق، ئۆت، تال كۆپۈش، بوۋاسىر، پۇت ـ قولى باسماسلىق (پالەچ)، ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىش، ئۈچەي توسۇلۇش، سۈيدۈك قىستاش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئۈنۈملۈك شىپا بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە تېرە كېسەللىكى، باش قىسمى توڭلاش، قان تومۇر توسۇلۇش، مۇرە رېماتىزمى ۋە ئەقىلدىن ئادىشىش ـــ سەۋدايىلىق قاتارلىق مۇرەككەپ كېسەللىكلەرگىمۇ ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن.

بۇ تېبىبىي قامۇستا سامساقنىڭ يىگىرمە نەچچە خىل كېسەللىككە شىپا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، 2 ـ قىسىم 216 ـــ 222 ـ قەسىدىلەردە سامساقنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ھەققىدە مۇنداق بىر چوڭ رېتسېپ، يەنى «سامساق چۈرۈك دورىلىرى رېتسېپى» خاتىرىلەنگەن:

«ئىككى ئاتلىق بالا (Asvinau)[14]نىڭ ‹سامساق چۈرۈك دورىلىرى رېتسېپى› جەمئىي يەتتە قەسىدە، ئۇلار مۇنداق: بەش كۇرىگە[15] سۇغا 100 بولو[16] سامساق سېلىپ، تاكى سۇنىڭ تۆتتىن بىرى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ، سامساق سۈزۈۋېلىنىدۇ. ئارقىدىن بۇ سامساق قىيامىغا بىر كۇرىگە پاكىز سىېرىقماي ئاق چېچەكلىك مودەنگۈل يىلتىزى، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، كاۋيا (Cavya)، چابا پىپىر (Chaba piper) ‹ھەربىرى ئىككى مىسقالدىن›؛ زەنجىۋىل (بىر بولو)، بەش خىل تۇز ۋە ھىندىستان سۆەنمۇسى (ھەربىرى يېرىم بولودىن)؛ شاكال بەدىيان، ھىڭ قاتارلىقلارنى قوشۇپ قايناتقاندىن كېيىن، تىرىپىنى ئەلگەك بىلەن سۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭ قىيامىنى قاچىغا سېلىپ ئېغىزىنى ھىم ئېتىمىز. بۇ دورا مۇۋاپىق ۋاقىتتا (مەسىلەن، سەھەردە) ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ. مەسىلەن، يەلدىن بولغان قورساق كۆپۈش ـ چىڭقىلىش، ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىش، يەلدىن بولغان قورساقتىكى ئۆسمە، ئۆت، تال ئىششىش، نېرۋا كېسەللىكى، بەدەن ھەم يۈزدىكى جاراھەت، دانىخورەك، بوۋاسىر، مەقئەت ئاقمىسى قاتارلىقلارغا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بەدەننىڭ مەلۇم قىسمى ياكى

پۈتۈن پالەچ بولغانلار مۇشۇ دورىنى، يەنى «سامساق ئاساسىي تەركىبلىك چۈرۈك دورا»نى ئىستېمال قىلسا، ئوبدان مەنپەئەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككى ئاتلىق بالا بىرىكتۈرۈپ ئىجاد قىلغان رېتسېپتۇر».

**5. باشقا رېتسېپلار**

بۇ تېببىي قامۇستا سامساقتىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان دورا - دەرمەكلەرنىڭ شىپالىق رولى ھەققىدە خېلى مۇھىم بايانلار سۆزلەنگەن. مەسىلەن، 2 - قىسىم 41 -، 42 - قەسىدىلەردە: «مۇۋاپىق مىقداردىكى ھىندىستان بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى (piiperchaba) بىلەن قارىمۇچ قوشۇپ تالقانلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا ئاسىيا بەرخۇت دەرىخى شەربىتى ۋە سۇ قوشۇپ، كومىلاچ قىلىنىدۇ. بۇ كومىلاچ ئېغىز قىزىرىپ ئىششىش، كېكىردەك ئاغرىش ھەم يىرىڭلىق ئىششىقلارغا ئوبدان شىپا بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنسە، 2 - قىسىم 258 — 260 - قەسىدىلەردىكى «تەملىك دورىلار» دېگەن رېتسېپتا «ئۆچكە سۈتى، زەنجىۋىل، ئېگىر، قىزىلمۇچ ياغىچى، ھېلىلە، قارىمۇچ، ئاقمۇچ، پاۋلونىيە دەرىخى قوۋزىقى، قاغا تۇزى قاتارلىق سەككىز خىل دورا ماتېرىياللىرىدىن ھەربىرىدىن بىر بولودىن ئېلىپ، بىر لىتىر سېرىقماي بىلەن بىللە قايناتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۆت ھەسسە مىقداردا قوي سۈتى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ دورا ئادەمنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە تېخىمۇ زېرەك ئەقىللىق قىلىدۇ. ئۇنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە، يەنە گاس - گاچا ۋە كېكەچلىككە شىپا بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

2 - قىسىم b119 - a127 - قەسىدىلەردە «قالتىس شىپالىق رېتسېپ» (Kalyanaka) دەپ ئاتىلىدىغان مۇنداق بىر رېتسېپ خاتىرىلەنگەن: «گۈرۈچ ئۇنى، لاندىش، ئۈزۈم زىراۋەندە، ئانارگۈلى، بېھى، مېۋە مۇراباسى، مېدا، ئۈچ مېۋە(ئامىلە،ھېلىلە، بەلىلە)، تېرىم، سۇ لەيلىسى، كېدىر قارىغىيى، توشقانقۇيرۇق ئوت، پېترو سېلتىس دەرىخى، رويان (ئوردان)، مامىرانچىن قاتارلىق 20 نەچچە خىل دورىلىق ئەشيانىڭ ھەربىرىدىن بىر سەردىن ئېلىپ، بىر (لىتىر) سېرىقمايغا ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى سېرىقماينىڭ تۆت ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان سۇدا قاينىتىمىز. ئىچىملىك ئورنىدىكى بۇ دورا ‹قالتىس شىپالىق رېتسېپ› دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دورا ئاساسەن يۆتەل، دەم سىقىلىش، قۇلاق پەردە ياللۇغى، تۇتقاقلىق، سەۋدايىلىق، جاراھەت، يارا، سەرەمەس، ھېق تۇتۇش، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش، چىرايى تاتىرىش، قورساق كۆپۈپ ئىششىش، سىيەلمەسلىك ھەمدە ئەر - ئاياللار جىنسىي كېسەللىككى قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە قالتىس شىپا بولىدۇ، ئۇ يەنە تۇغماس كېسەللىكىگە، دورىدىن زەھەرلىنىش، تال، ئاشقازان نورمال بولماسلىق، بوۋاسىر، قورساقتىكى ئۆسمە قاتارلىق جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگىمۇ ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ. ئۇلاردىن باشقا بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تېرىنى سىلىقلايدۇ ۋە ئىشتىھانى ياخشىلايدۇ».

2 - قىسىم 127 — b132 - قەسىدىلەردە «ئېسىل شىپالىق رېتسېپ» (-kalyanaka Maha) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە مۇنداق بىر رېتسېپ خاتىرىلەنگەن: «پاساباكا (psabahaka)، سالاپارنى (salaparni)، ئامسۇماتا (amsumata)، سۇ لەيلىسى ئۇرۇقى، يېسى پۇرچاق، ئىلمەك

پۇرچاق، رىددىخ (riddhi)، مېدا، دورىلىق تاۋۇز، كوكاد (kokadi)، گۈلىيەسىمەن، سەرەبىل (مەرۋايىتگۈل)، خامسا - پادى (hamsa -padi) ياكى (Vitis-pedata)، يىڭنە يوپۇرماقلىق ئەمەن، چىلان شەربىتى، قۇرۇق ئۈزۈم (كىشمىش)، ئەنبەر، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، شېكەر ھەسەلى(ناۋات قىيامى) ۋە ئاق شېكەر قاتارلىق دورىلىق ئەشيالارنى قوشۇپ مەلھەم قىلىپ، ئۇنىڭغا سۈت ئارىلاشتۇرۇپ سېرىقماي بىلەن قايىنىتىپ، دورىنى سۈزۈۋالغاندىن كېيىن سوۋۇتۇپ ئىستېمال قىلسا، ناھايىتى نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە ياخشى شىپا بولىدۇ. مەسىلەن، يەل ۋە سەپرا مەنبەلىك ھەر خىل يۆتەل، گال ئاغرىقى، دەم سىقىلىش، يارا ۋە جاراھەت قاتارلىقلار. بۇ ئاترېيا (Atreya) ئىجاد قىلغان رېتسېپ بولۇپ، بۇنى ئۇ ئۆزى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ماختمان ئاساتيا (Mahtman Ahsatya)غا ئۆگىتىپ قويغانىمىش».

2 - قىسىم 188 — 200 - قەسىدىلەردە «كياۋانا ئەۋلىيانىڭ رېتسېپى» (Cyavana-prasa) دەپ ئاتىلىدىغان مۇنداق بىر مۇھىم مۇرەككەپ رېتسېپ خاتىرىلەنگەن: «ھىندىستان چىلگىتورۇش دەرىخى، سېسىق سېرىق تېۋىلغا، ياغاچ كېپىنەك، ئاق تېكتون دەرىخى، سۆسۈن چىڭگىلىك، جۇخارگۈل چېچىكى، تۆت خىل يوپۇرماقلىق دورا، يەنى سالا - پارنى (sala-parni)، پىرسىنى - پارنى (pirsini-parni)، مۇدگا - پارنى (mudga-Parnhi) ۋە ماسا - پارنى (masa-parni)، قارىمۇچ، ھېلىلە، پۇسكارا (puskara)، رىددىخ، رىسبخا (risbha)، مېدا (meda)، كوكال قاتارلىق 20 نەچچە خىل دورىلىق ئەشيانىڭ ھەربىرىدىن بىر بولودىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا سېلىپ، تاكى سۇ پۈتۈنلەي پارغا ئايلىنىپ بولغانغا قەدەر قايىنىتىلىدۇ. ئاندىن شاكال - ياغاچلارنى ئېلىۋېتىپ تالقانلانغاندىن كېيىن، 12 بولو ياغ ۋە سېرىقمايغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۇ 50 بولو تاۋلانغان شېكەر ھەسەلگە (ناۋات قىيامىغا) تاكى قىيام بولغۇچە ئېلەشتۈرۈلىدۇ. سوۋۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە ئالتە بولو چۆچۈكبۇيا، تۆت بولو ھىندىستان دارچىنى (گىلاسقا ئوخشاپ كېتىدۇ)، ئىككى بولو قارىمۇچ ھەمدە قوۋزاق دارچىن، يېپسى پۇرچاق، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر بولودىن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ بىر خىل داڭلىق قۇۋۋەت دورىسى بولۇپ، ‹كياۋانا ئەۋلىيالار رېتسېپى› دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دورا ئاساسەن يۆتەل، دەم سىقىلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دورا يەنە تېنى ئاجىز، ئورۇق، يارا - جاراھەت باسقان كىشىلەر ۋە ياشانغانلارغا بەك ماس كېلىدىكەن. يەنە ئۆپكە، كۆكرەك، يۈرەك كېسەللىكلىرى، جۇزام (ماخاۋ)، ئېغىز قۇرۇش، كېچىسى سىيىپ قويۇش، مەنىي تۇتالماسلىق، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگىمۇ ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ. بۇ دورىنى كۆپ ئىچسىمۇ ئاشقازان ۋە ھەزىم قىلىشقا زىيان يەتمەيدۇ. كياۋانا ناھايىتى قېرىپ كەتكەندە ئامال قىلالماي، ئاخىر بۇ دورىنى ئىستېمال قىلغان ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي ساغلاملىشىپ، ياشىرىپ كەتكەنىكەن. بۇ دورا ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ، بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، بەدەننى كۈچەيتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ، ئاياللارنىڭ تېرىسى ۋە چىرايىنى پارقىرىتىپ گۈزەللەشتۈرىدۇ، ئىچكى ئەزالارنىڭ رولىنى تەڭشەپ، نورماللاشتۇرىدۇ. بىر ئەركەك ياش بولسۇن ياكى قېرى بولسۇن، پەقەت مۇشۇ قۇۋۋەت دورىسىنى ئۇزمەي ئىستېمال قىلىپ بەرسە، ياشلىق

باھارنى ئۆرگۈتۈپ، قالتىس كۈچ - مادارغا ئىگە قىلىدۇ».

2 - قىسىم 491 — 493 - قەسىدىلەردە باشقا رېتسېپلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل رېتسېپ، يەنى «ھەسەل ھارىقى» (Madhvsava) ئارقىلىق كېسەل داۋالاش قائىدىسى (رېتسېپى) تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «مەرۋايىت دەرىخى، يىگىنە يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئېرىس قۇيرۇقلۇق ئوت يىلتىزى، يېسى پۇرچاق، يولۋاسقولاق، ئاچچىق - چۈچۈك پېلەك، دورىلىق كانايگۈل يىلتىزى، كىرەش، قارىمۇچ، گۇرۇچ ئۇنى، سۇ چېچىكى، دورىلىق تاۋۇز، ھىندىستان دورىلىق كىرىشى، مامىرانچىن قاتارلىق دورىلىق ئەشيالارنىڭ ھەر بىرى 50 گىرامدىن ئېلىنىپ، بەش كۈرىگە سۇدا سۇنىڭ تۆتتىن بىرى قالغۇچە قاينىتىپ شەربەت تەييارلانغاندىن كېيىن، قالدۇق نەرسىلەر سۈزۈۋېتىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا يېرىمىغا باراۋەر ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، ئىچى سېرىقماي بىلەن مايلانغان قاچىغا ئېلىنىپ، ئاغزى ھەم ئېتىلىپ، 15 كۈن تورغۇزۇلىدۇ. بۇنداق ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان دورىلىق ھاراق، يەنى ھەسەل ھارىقىدىن ھەر قېتىمدا ئىككى بولۇدىن ئىچىپ بەرسە، توسقۇنلۇقتا ئۇچرىغان بەلغەم خىلتى ياكى سەپرا خىلتى كەلتۈرۈپ چىقارغان سۈيدۈك يولى كېسەللىكىگە ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چىرايى تاتىرىش، بوۋاسىر، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئاستا خاراكتېرلىك ئىچى سۈرۈش، خىلتلار توسقۇنلۇقتا ئۇچراش، ئاق داغ ۋە ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.»

2 - قىسىم 85 - قەسىدىدە يەنە «قارا كومىلاچ» (kokila) دەپ ئاتىلىدىغان مۇنداق بىر رېتسېپ خاتىرىلەنگەن: «تاغ تۇزى، دورىلىق ياۋا پىدىگەن، مىس، مامۇرانچىن، ھەششەتۇلھەجەل ۋە قارىمۇچ قاتارلىقلاردىن ياسالغان قارا كومىلاچ مەشھۇر بولۇپ، ئاساسلىقى كۆز پەردە ياللۇغى، قولاق پەردە ياللۇغى، ئاق داغ، يۇزدىكى يارا، تارتۇق، جاراھەت قاتارلىقلارغا ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنسە، 3 - قىسىم 5 — 9 - قەسىدىلەردە «ۋاجىراكا مېيى» (Vajraka) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە مۇنداق بىر خىل رېتسېپ خاتىرىلەنگەن: «شېرىن دەرىخى، بىمو يىلتىزى، ئۈزۈم زىراۋەندە، دورىلىق تاۋۇز، پۇتا دەرىخى يىلتىزى ۋە قوۋزىقى قاتارلىق 20 نەچچە خىل دورىلىق ئەشيانىڭ ھەربىرىدىن 25 گىرامدىن ئېلىپ تاۋلاپ تەييارلىنىدۇ. بۇ كومىلاچ ئاساسلىقى بوۋاسىر، ھەرقانداق ئاغرىق، تەمرەتكە، ئاق داغ، كالا تەمرەتكىسى ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلىرى، قىزىل، چېچەك، ئاياللار جىنسىي يول كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ».

دېمەك، كۇچادىن تېپىلىپ چەت ئەللەردە «بوۋېر قولىيازما نۇسخىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بۇ تېببىي قامۇس 92 رېتسېپ، 300 خىلدىن كۆپرەك دورا ماتېرىياللىرى ۋە ئۇلارنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدىكى بايانلار، 260 خىلدىن كۆپرەك كېسەللىك نامى ۋە باشقا مول تېببىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ئاز كەم 2000 يىللار ئىلگىرىكى جەمئىيەت فورماتسىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىسمى - جىسمىغا لايىق كاتتا تېببىي قامۇس ھېسابلىنىدۇ. بۇ قولىيازما مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ۋە چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان دورا - دەرمەك ئەشيالىرىنىڭ كۆپ ۋە خىلمۇخىللىقى، رېتسېپلارنىڭ مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىللىقى، توغرا ۋە ئۆلچەملىكلىكى، دورىلار ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنى ھەيران قالدۇردى.

قىسقىسى، قەدىمكى كۇسەن خانلىقى تېۋىپلىرى يەرلىك تېبابەتچىلىك ئاساسىدا چەت ئەللەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇرگەن ھەمدە «بوۋېر قولىيازما نۇسخىسى»غا ئوخشاش ئالەمشۇمۇل نادىر تېببىي ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، ئەۋلادلىرىغا مول تېببىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئىزاھاتلار:

① سۇ بىخەي: «يىپەك يولى ۋە كۇسەن تارىخى - مەدەنىيىتى»، 1996 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، كىرىش سۆز.

② خۇاڭ ۋېنبىي: «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر»، 1981 - يىلى شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 264 - بەت؛ خۇاڭ ۋېنشياڭ: «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش دوكلاتى»، 1983 - يىلى 10 - ئاي، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، خەنزۇچە، 107 — 113 - بەتلەر.

③ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «قىزىلدىكى قەدىمكى قەبرىلەر» (ماقالە)، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈندىكى سانى؛ «قەدىمكى كۇسەننىڭ مىس مەدەنىيىتى»(ماقالە)، «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى» نىڭ 2000 - يىللىق 3 - سان.

④ سۇ بىخەي: «يىپەك يولى ۋە كۇسەن تارىخى - مەدەنىيىتى»، بىرىنچى باب.

⑤ «خەننامە: غەربىي دىيار تەزكىرىسى».

⑥ «خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى».

⑦ «خەننامە. خون تەزكىرىسى».

⑧ «ۋېينامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى» ۋە قۇربان ۋەلىنىڭ «قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى ھېكايىسى» دېگەن كىتابىنىڭ 3 -، 4 -، 127 -، 128 - بەتلىرى.

⑨ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ يۇرتىمىزدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش - قېزىشلىرى ھەققىدە»(ماقالە)، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشرى.

⑩ سانسكرىت يېزىقى — قەدىمكى تارىملىقلارغىمۇ ئەجداد ھېسابلىنىدىغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلق — ئارىيانلارنىڭ ئەدەبىي يېزىقى ( «سانسكرىت» دېگەن سۆز ئارىيان تىلىدا «بېزەلگەن» دېگەن مەنىدە) بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردىلا بىرقەدەر مۇكەممەل گرامماتىكىغا ئىگە يېزىق ئىدى ھەمدە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى رايونلاردا كەڭ قوللىنىلغانىدى. بۇ يېزىق سامودرا گۇپتاخان زامانىسى (مىلادىيە 340 — 375 - يىللار)دا قەدىمكى ھىندىستاننىڭ بىردىنبىر يېزىقى بولۇپ قالغان ھەمدە بۇددا دىنى ھىندىستاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا مۇشۇ يېزىق بىلەن تارقالغان. شىنجاڭنىڭ خوتەن، قەشقەر، مارالبېشى، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق رايونلىرىدىن ۋە دۇنخۇاڭ رايونىدىن قېيىن قوۋزىقى، تارىشا، تېرە، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەر يېزىلغان سانسكرىتچە بۇددىزم ئەسەرلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تېببىي ئەسەرلەر ۋە باشقا ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي يادىكارلىقلارمۇ خېلى كۆپلەپ تېپىلدى (بۇلار ئەلۋەتتە چەت ئەللىكلەردىن ئېشىپ قالغىنى ئىدى). بۇ يېزىقنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 2 - 3 - ئەسىرلەردىن 8 -

ئەسىرلىرىگىچە توغرا كېلىدۇ.

⑪ سابىت ئەخمەت: «نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان شىشخالسىمان پال ئۇرۇقى»(ماقالە)، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ قوشما سان، 33 — 35 ـ بەتلەر؛ توختى تۇراخۇن: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىن بايقالغان ‹ئويۇن ساقىلىرى› ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»(ماقالە) يۇقىرىدىكى ژۇرنالنىڭ 36 — 42 ـ بەتلىرى.

⑫ ھىندىستاننىڭ تېبابەتچىلىك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردا بىردەك قەيت قىلىنىشىچە، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ مەشھۇر تېۋىپى ئاترېيا (Atreya) ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك ماھارىتىنى ئالتە چوڭ شاگىرتىغا ئۆگەتكەن. ئۇلاردىن ئاگنىۋېسا (Agnivesa) غا ئۆگەتكىنى «كاراكا تېبابەتچىلىك توپلىمى» (akaraCaraka – Samhia) نى ئاساس قىلىپ بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن؛ بېدا (Bheda)غا ئۆگەتكىنى «بېدا تېبابەتچىلىك توپلىمى» نى ئاساس قىلىپ بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇلار ئەينى ۋاقىتتا ھىندىستان تېبابەتچىلىكىدىكى مۇھىم ئىككى ئېقىم ھېسابلانغان.

⑬ قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ھاياتلىق ھەققىدىكى تېببىي بىلىملىرى سەككىز تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن قەدىمكى ھىندىلارنىڭ پۈتكۈل تېبابەتكە ۋەكىللىك قىلغان. بۇلار: ① بەدەن ئىچى ـ سىرتىدىكى جاراھەت، يارا، تاتۇق، كېسىلگەن، سۇنغان، كۆيگەن، زەخىملەنگەن جايىنى (salya – tantura) داۋالاشقا دائىر بىلىملەر؛ ② ئوپېراتسىيە، سايمان ـ ئەسۋابلار بىلەن داۋالاش، تىكىش، تېڭىش، يىڭنە سانجىپ داۋالاش (Salakya – tantra) قا دائىر بىلىملەر؛ ③ بەدەن ئىزالىرىنى داۋالاش (kaya – ciktsita)قا دائىر بىلىملەر؛ ④ جىن ـ شاياتۇنلار، يامان روھلار، قەبىھ ئالۋاستىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش (bhuta – vidya ياكى bhuta – cikitsita)قا دائىر بىلىملەر؛ ⑤ باللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش (raksa ياكى kaumara – bhrtya)قا دائىر بىلىملەر؛ ⑥ زەھەرلىنىشتىن كېلىپ چىققان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش (agada – tantra ياكى agada – raksa)قا دائىر بىلىملەر؛ ⑦ قېرىماسلىق، ئۇزاق ياشاش (ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش)، كۈتۈنۈش، ئاسراش (yoga – raksa ياكى rasayana – tantra) قا دائىر بىلىملەر؛ ⑧ بەدەننى، باھنى قۇۋۋەتلەش، قۇۋۋەتلىك ئۇزۇقلىنىش (bija – vivardhana ياكى vajikarana – tantra) قا دائىر بىلىملەردىن ئىبارەت.

⑭ ئىككى ئاتلىق بالا (Asvinau) — ھىندىستان رىۋايەتلىرىدە ھېكايە قىلىنىشىچە، سامادا، يەنى ئاسماننىڭ قەرىدە دائىم ئات مىنىپ يۈرىدىغان ئىككى بالا بولۇپ، ئۇلار ئالەمدىكى ھەرقانداق جايدا كۆرۈلگەن ھەرقانداق كېسەلنى دەرھال شىپا تاپقۇزالايدىغان كارامەتكە ئىگە تېۋىپ ئىمىش.

⑮ كۆرگە — قەدىمكى ئۆلچەم ئەسۋابى بولۇپ، بىر خو تۈت كۆرگە توغرا كېلەتتى، كېيىن بەش كۆرگە توغرا كېلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

⑯ بولو (bolo) — قەدىمكى ئۆلچەم بىرلىكى.

(ئاپتور ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە ـ تەنتەربىيە كومىتېتى ئىشخانىسىدا)

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىپادىلەنگەن پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىشى

مۇھەممەترېھىم سايىت

بىزگە مەلۇمكى، پېئىل دەرىجىلىرى تۈركىي تىللاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان گراممatikىلىق كاتېگورىيىلەرنىڭ بىرى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گراممatikىلاردا ئەسىرلەردە ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە خىل دەرىجە ئىپادىلىنىدىغانلىقى سۆزلەنمەكتە. تىلشۇناسلار ئارىسىدىمۇ بۇ ھەقتە ئانچە چوڭ تالاش - تارتىش ياكى ئىختىلاپ يوق. بۇ خىل ھادىسىنى باشقا تىللارغا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا مەخسۇس دەرىجە ئىپادىلەيدىغان ئالاھىدە گراممatikىلىق كاتېگورىيە ياكى بەلگە يوق، مەجھۇل دەرىجە بىلەن مەجبۇرىي دەرىجە زۆرۈر تېپىلغاندا، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا پەقەت مەجھۇل دەرىجە بىلەن مەجبۇرىي دەرىجىلا ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ سانى كۆپ، ياسىلىشى مۇرەككەپ، رولى كۆپ. مانا بۇلار ئۇيغۇر تىلىنى دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق تىللاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئىلغار تىللاردىنمۇ ئىلغارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى. شۇنداق بولغاچقا، پېئىللارنى، جۈملىدىن پېئىل دەرىجىلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل دەرىجىلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئانا تىلىمىز بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىشكە، ياخشى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ پىر ئۇستازى، ئۇلۇغ بۇۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ناھايىتى مول بىلىملەرنى يېزىپ قالدۇرغان. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن مۇشۇ ئەسەردىكى مۇناسىۋەتلىك قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، شۇ ئاساستا ئاندىن باشقا قەدىمكى ئەسەرلەردىكى مۇناسىۋەتلىك تىل مەسىلىلىرىگە كىرىشسەك، ئىشىمىزدا مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىنىش بولىدۇ. ئەسلىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى پېئىل دەرىجىلىرى ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تەپسىلىي ئۆگىنىپ، تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىشى ھەققىدە

توختالساق ياخشى بولاتتى. بىراق، «دۋان»دىكى پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ تۈرى، يەنى شەكلى، مەنىسى ۋە قوللىنىشى مۇرەككەپ، مەزمۇنى مول بولغاچقا، ئۇلارنى بىر ماقالىدە ئىخچاملاپ بايان قىلىش تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ پەقەت پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىشى ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

مەسىلىنى ھەرقانچە قىسقارتىمىز دېسەكمۇ، يەنىلا «پېئىل دەرىجىلىرى» دېگەن ئاتالغۇنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. «پېئىل دەرىجىسى» دېگەندە، جۈملىدە پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن شۇ ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتى ياكى ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل مۇناسىۋەتلەر، يەنى ھەرىكەتنىڭ گراماتىكىلىق ئىگىسى بىلەن لوگىكىلىق ئىگىسى ۋە گراماتىكىلىق تولدۇرغۇچىسى بىلەن لوگىكىلىق تولدۇرغۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پېئىللارنىڭ مۇئەييەن گراماتىكىلىق شەكلى ئارقىلىق شۇ پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتى ۋە ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى (ياكى ئىش - ھەرىكەتنى ئىپادىلىگۈچى پېئىل بىلەن ئۇنىڭ جۈملىدىكى گراماتىكىلىق ئىگىسى ۋە گراماتىكىلىق تولدۇرغۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى) ھەرخىل مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز ئالدى بىلەن دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ ئوخشىمىغان دەۋردىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە:

ئەسلىي دەرىجە:.adäm aş içti /ئادەم تاماق يېدى.

مەجھۇل دەرىجە: .aş içildi /تاماق يېيىلدى.

مەجبۇرىي دەرىجە:.adäm balïğa aş icküdi/ئادەم بالىغا ئاش ئىچكۈزدى.

ئۆملۈك دەرىجە: .adämlär uruşti/ ئادەملەر ئۇرۇشتى.

ئۆزلۈك دەرىجە: .adäm yuyundi /ئادەم يۇيۇندى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:

ئەسلىي دەرىجە: .Tursun balisini urdi / تۇرسۇن بالىسىنى ئۇردى.

مەجھۇل دەرىجە: .Tursunning balisi başqilar taripidin uruldi / تۇرسۇننىڭ بالىسى باشقىلار تەرىپىدىن ئۇرۇلدى.

مەجبۇرىي دەرىجە: .Tursun toxthnhi balisini urdurdi / تۇرسۇن توختىنىڭ بالىسىنى (باشقىلارغا) ئۇردۇردى.

ئۆملۈك دەرىجە: .Tursunning baliliri uruşti / تۇرسۇننىڭ بالىلىرى ئۇرۇشتى.

ئۆزلۈك دەرىجە: .Tursunning balisi yuyundi/ تۇرسۇننىڭ بالىسى يۇيۇندى.

ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدا:

ئەسلىي دەرىجە .Ahmed cocugunu dovdü/ ئاخمەد بالىسىنى ئۇردى.

مەجھۇل دەرىجە: .Ahmed cocuğunu dövdü / ئاخمەدنىڭ بالىسى (باشقىلار تەرىپىدىن) ئۇرۇلدى.

مەجبۇرىي دەرىجە:.Ahmed'in cocuğu dövüldü / ئاخمەد ئۆز بالىلىرىنى باشقىلارغا ئۇردۇردى.

ئۆملۈك دەرىجە: .Ahmed kendi cocukları dövdürdü / ئاخمەدنىڭ بالىلىرى ئۇرۇشتى.

ئۆزلۈك دەرىجە: Ahmed'n cocuklarɪ dövüştü. \ ئاخمەدنىڭ بالىسى ئۆزىنى ئۆزى ئۇردى.

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بولسۇن، مەيلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسۇن، مەيلى تۈرك تىلىدا بولسۇن، پېئىللارنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ شەكلى ۋە مەنىلىرى ئاساسەن ئوخشاش ياكى يېقىن.

ئەسلىي دەرىجىدە جۈملىدىكى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ئەمەلىيەتتە شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى بولىدۇ. مەسىلەن، adäm suv içti. / ئادەم سۇ ئىچتى. (1 ـ توم، 222 ـ بەت). aydïm angar sävük / ئۇنىڭغا مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلدىم. (1 ـ توم، 126 ـ بەت)

مەجھۇل دەرىجىدە جۈملىدىكى پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ئەمەلىيەتتە شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. مەسىلەن، oq atïl dï. /ئوق ئېتىلدى. بۇ جۈملىنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى: är oq attï. / ئادەم ئوق ئاتتى. Arïndï näng. /ئېرىنغدالغان نەرسە. (1 ـ توم، 28 ـ بەت)

مەجبۇرىي دەرىجىدە جۈملىدىكى پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ئەمەلىيەتتە شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە ياكى سەۋەب بولغۇچىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى جۈملىدىكى پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسىمۇ ئەمەس، لوگىكىلىق تولدۇرغۇچىمۇ ئەمەس. مەسىلەن، yïraq yär savïn arqïş kältürür / يىراق يەر خەۋىرىنى كارۋان كەلتۈرەر. (1 ـ توم، 59) ol ärni ök / ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىلا كەلتۈرەر. (1 ـ توم، 97 ـ بەت)
üðik meni qomïttï, saqïnç manga yumïttï, könglüm angar ämitti, yüzüm mäning sarğarur
يارغا بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىم مېنى ھاياجانغا سالدى، قايغۇ ـ ئەلەملەر ماڭا توپلاندى، كۆڭلۈم ھەمىشە يارغا ئىنتىلىدۇ، شۇڭا مېنىڭ يۈزۈم سارغايماقتا.

ئۆملۈك دەرىجىدە جۈملىدىكى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى ئەمەلىيەتتە ئىككىدىن ئارتۇق شەيئى ياكى كوللېكتىپ نامىنى بىلدۈرىدىغان شەيئى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۆملۈك دەرىجە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ قوللىنىپلا قالماي، ئىپادىلىگەن مەنىلىرىمۇ كۆپ خىل، يەنى ئۆملۈك دەرىجە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش ئىككىدىن ئارتۇق شەيئىنىڭ بىر ئىشنى ياكى كۆپ شەيئىنىڭ ئوخشاش ۋاقىتتا بىر يەردە ياكى باشقا ـ باشقا يەردە بىر خىل ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، يەنە ئىككىدىن ئارتۇق كىشىنىڭ بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىپ ياكى بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئېلىپ بارغان ھەرىكەت ـ پائالىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. «دىۋان»دا بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ol anïng birlä tavar yarïşdï / ئۇ ئۇنىڭ بىلەن مالنى تەڭمۇ تەڭ بۆلۈشتى. (3 ـ توم، 96 ـ بەت) ol aning birla at yarasdi. / ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئات چېپىشتى (ياكى ئات چاپتۇرۇشتا بەسلەشتى). (3 ـ توم، 96 ـ بەت) ol anïng birlä at yaraşdï / ئۇ مەن بىلەن يۈرۈشۈپ باقتى، يەنى يۈرۈشتە بەسلەشتى. (3 ـ توم، 97 ـ بەت) ikki aðğïr birlä ïsrïşdï / ئىككى ئايغىر بىر ـ بىرى بىلەن چىشلەشتى. (3 ـ توم، 97 ـ بەت)

ئۆزلۈك دەرىجىدىكى جۈملىدە پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ئەمەلىيەتتە شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ھەم لوگىكىلىق ئىگىسى، ھەم لوگىكىلىق

تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى ئاز بىر قىسىم پېئىللارلا ئۆزلۈك دەرىجىدە تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نۇرغۇن پېئىللار ئۆزلۈك دەرىجىدە تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن: äsrük särgäkländi / مەست دەلدەڭشىدى. (2 - توم، 422 - بەت) .är qadïrlandï / ئادەم قوپاللاشتى (ياۋۇزلاشتى). (2 - توم، 388 - بەت) مانا بۇمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن ھازىرغىچە بولغان جەرياندىكى تىل تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم تىل ھادىسىلىرىنىڭ بىرى.

ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان گراماتىكا كىتابلىرىدا ياكى ماقالىلەردە ھازىرغىچە يورۇتۇلماي كەلگەن بىر مۇھىم مەسىلە بار. يەنى «كۈن چىقتى»، «گۈللەر ئېچىلدى» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردىكى ھەرىكەتنى ئىپادىلىگەن پېئىللار زادى قايسى دەرىجىگە كىرىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھازىرغىچە ئايدىڭلاشماي كەلدى. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنىمۇ يورۇتۇپ بەرگەن. مەن بۇ ھەقتە ئون يىل بۇرۇنمۇ ئازراق توختىلىپ ئۆتكەن. ھازىر بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمىساممۇ، يەنىلا ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مېنىڭچە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش پېئىل ھادىسىلىرىنى بىر خىل دەرىجە ھېسابلاپ، ئۇنى «تەبىئىيلىك دەرىجە» دەپ ئاتىساق، پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلام - سىستېما مۇناسىۋەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكىمۇ، مەسىلىنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشىغىمۇ پايدىلىق. بىز «قورقماق» (qorq) دېگەن پېئىل بىلەن «قورۇنماق» (qorun) دېگەن پېئىلنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇلارغا «قور» (qor) دېگەن پېئىلنىڭ ئاساس بولغانلىقىنى پەرق ئېتەلەيمىز. مەھمۇد كاشغەرىي «är açïqdï» (1 - توم، 27 -بەت) دېگەن جۈملىنى «قاماقتا ياكى قورشاۋدا قالغانلىقتىن، ئادەم ئاچ قالدى» دەپ، «yïlqï yutuqtï » (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش) دېگەن جۈملىنى «يىلقا ئوت - چۆپسىز قالغانلىقتىن، ئورۇقلاپ ئۆلەي دېدى» دەپ چۈشەندۈرگەن. دېمەك، بۇ يەردە تەكرار ئەسكەرتىلىۋاتقان مەنە «ھەرىكەتنىڭ تەدرىجىي، مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە ئاستا - ئاستا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ھادىسىنى «تەدرىجىيلىك دەرىجە» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق. گەپنى قىسقارتىپ دېسەك، يۇقىرىدىكى «تەبىئىيلىك» بىلەن «تەدرىجىيلىك» نى ئومۇملاشتۇرۇپ، «تەبىئىيلىك - تەدرىجىيلىك دەرىجىسى» دەپ ئاتىساق، مۇۋاپىق بولامدىكىن دەپ قارايمەن. .ot öçdi / ئوت ئۆچتى. ärning öpkäsi öçdi / ئادەمنىڭ غەزىپى ئۆچتى. (1 - توم، 222 -بەت)

نېمە ئۈچۈن پېئىل دەرىجىلىرى بۇنداق قاتلىنىدۇ؟ بىزگە ناھايىتى ئېنىقكى، تىل — تەپەككۇر قورالى، يەنى تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئىنكاسى. شۇنداق بولغانىكەن، ئوخشىمىغان پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىشى — ئوخشىمىغان تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ قاتلىنىشى، يەنى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇرەككەپلىشىشى دېمەكتۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ تىل قائىدىلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئابستراكتلاشقانلىقىنىڭ ۋە مۇرەككەپلەشكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. دېمەك، بۇ تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلىدۇر. پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ قاتلىنىپ كېلىشى ئەجدادلىرىمىز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ ئوي - پىكىرلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پېئىل دەرىجىلىرىنى قاتلاپ، مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر.

www.nurkitap.com

تۆۋەندە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۆرۈلگەن پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىشىنىڭ پاكىتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئەسلىي دەرىجىنىڭ باشقا دەرىجىلەر بىلەن قاتلىنىپ كەلگەنلىكى كۆرۈلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ھەممە دەرىجىگە ئاساس، ئۇل بولىدىغان دەرىجە.

**مەجھۇل دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجىنىڭ قاتلىنىپ كېلىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن «ـ l(X)ـ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ (بۇ يەردىكى X سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بويىچە بەزىدە قوشۇلۇپ، بەزىدە قوشۇلمايدىغان نامەلۇم سوزۇق تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ)، ئاندىن «ـ n(X)ـ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئىككى مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ مەجھۇل دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، suv böglündi. / سۇ بۆگۈلدى. su böglündi / قوشۇن يىغىلدى. (2 ـ توم، 374 ـ بەت) yinçü tizlindi / ئۈنچە تىزىلدى. (2 ـ توم، 354 ـ بەت) suv töklündi / سۇ تۆكۈلدى. yïp tüglündi / يىپ تۈگۈلدى. (2 ـ توم، 355 ـ بەت) qïlïç qïndïn suçlundï / قىلىچ قىنىدىن سۇغۇرۇلدى. (2 ـ توم، 358 ـ بەت) at säşlindi / ئات يېشىلدى. (2 ـ توم، 359 ـ بەت) anïng aδaqï ötkä suqlundï / ئۇنىڭ ئايىغى ئورەككە تىقىلدى. (2 ـ توم، 360 ـ بەت) yär qazlïndï / يەر قېزىلدى. (2 ـ توم، 366 ـ بەت) käslindi näng / نەرسە كەسلەندى. (2 ـ توم، 369 ـ بەت) يۇقىرىدىكى بەزى مىساللار مەجھۇل ـ ئۆزلۈك دەرىجە مەنىسىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**مەجھۇل دەرىجە بىلەن مەجبۇرىي دەرىجىنىڭ قاتلىنىپ كېلىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن «ـ l(X)ـ» ياكى «ـ n(X)ـ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئاندىن -at/-ät/-ït/-it/-ut/-üt/-t، -ar/-är/-ïr/-ir/-ur/-ür/-r، -dur/-tur/-dür/-tür، -duz/-tuz/-düz/-tüz/-z، -ğut/-qut/-güt/-küt، -ğur/-qur/-gür/-kür، -ğuz/-quz/-güz/-küz قاتارلىق مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ھەم مەجھۇل دەرىجە، ھەم مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، suvluq salatti. ol (sar - al - at - ) / ئۇ سەللە ئوراتتى. (2 ـ توم، 506 ـ بەت). ol anïng qoynïnga älik / ئۇ ئۇنىڭ قوينىغا (بىر نەرسە ئىزدەش ئۈچۈن) قول تىقتۇردى (بۇ پېئىلنىڭ يىلتىزى soq سوق). (2 ـ توم، 507 ـ بەت). är nängin. / ئادەم نەرسىسىنى (مېلىنى) كۆپەيتتى. (2 ـ توم، 335 ـ بەت)

**مەجھۇل دەرىجە بىلەن ئۆملۈك دەرىجىنىڭ قاتلىنىپ كېلىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن «ــ l(X)ــ ياكى ــ n(X)ــ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئاندىن «ــs(X) ــ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ھەم مەجھۇل دەرىجە، ھەم ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن: qapuğlar aç(ï)lïşdï. / قوۋۇقلار ئېچىلىشتى. (1 ـ توم، 318 ـ بەت) bir näng bir näng üzä üklişdi. / بىر نەرسە يەنە بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەندى. tägmä yangaqtïn bodun aqlïşdï. / تۇشمۇ تۇشتىن خەلق ئېقىشتى. (1 ـ توم، 320 ـ بەت)

**مەجھۇل دەرىجە بىلەن ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ قاتلىنىپ كېلىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن «ـl(X) ـ» ياكى «ـn(X) ـ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئاندىن «ـn(X) ـ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ھەم

مەجھۇل دەرىجە، ھەم ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، boğlundï / بوغۇلدى (2 ـ توم، 346 ـ بەت)، böglündi / بۆكۈلدى (2 ـ توم، 347 ـ بەت)، bürländi / پۈرلەندى (2 ـ توم، 344 ـ بەت)، türlündi / تۈرۈلدى (2 ـ توم، 352 ـ بەت)، tüzlündi / تۈزلەندى (2 ـ توم، 353 ـ بەت)، tüglündi / تۈگۈلدى (2 ـ توم، 355 ـ بەت)، tizlindi / تىزىلدى (2 ـ توم، 354 ـ بەت)، tiklindi / تىكلەندى (2 ـ توم، 355 ـ بەت)، süzlündi، سۈزۈلدى (2 ـ توم، 359 ـ بەت)، qoşlundï / قوشلاندى، ئىككى نەرسە قوشۇلدى. (2 ـ توم، 366 ـ بەت)

**مەجبۇرىي دەرىجە بىلەن مەجبۇرىي دەرىجىنىڭ قاتلىنىپ كېلىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا:

-ar/-är/-ïr/-ir/-ur/-ür/-r، -dur/-tur/-dür/-tür، -duz/-tuz/-düz/-tüz/-z،

-ğut/-qut/-güt/-küt، -ğur/-qur/-gür/-kür، -ğuz/-quz/-güz/-küz

قاتارلىق دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن ئىككى خىلى بىرلا ۋاقىتتا قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى قوش ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەجبۇرىي دەرىجە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، arğurturdı / ھارغۇزدى، (بۇنى anıng atın arğurdı / ئۇنىڭ ئېتىنى ھاردۇردى، دېگەن جۈملىگە سېلىشتۇرساق، كېيىنكى جۈملىگە ئىككى مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىدۇ)، üşkürtürdı. / ئەسلەتتۈردى، anıng män anïm toðğurtum. / مەن ئۇنى تويدۇردۇم. (2 ـ توم، 305 ـ بەت)

**مەجبۇرىي دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجىنىڭ قاتلىنىپ كېلىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ، يەنە «-l(X)-» ياكى «-n(X)-» مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ھەم مەجبۇرىي دەرىجە، ھەم مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، kök örtüldi. / ھاۋا تۇتۇلدى، يەنى ئاسمان بۇلۇتلاندى. iş är üzä örtüldi. / ئىش ئادەمگە تۇتۇق بولدى. (1 ـ توم، 325 ـ بەت) är ağtïldï. / ئەر يىقىلدى. (1 ـ توم، 327 ـ بەت) مەھمۇد كاشغەرىي بۇ جۈملىنىڭ خەۋىرى ئەسلىي «ağtarïldï. / ئاغدۇرۇلدى» (1 ـ توم، 327 ـ بەت) دەپ كۆرسەتكەن، türtüldi. / سۈركەلدى، تۈرتۈلدى. (1 ـ توم، 332 ـ بەت) sürtüldi / سۈرتۈلدى. (334 ـ بەت) bir näng birgä sïğzaldï. / بىر نەرسە بىر نەرسىگە سىغدالدى. (1 ـ توم، 336 ـ بەت)

**مەجبۇرىي دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجە ۋە ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ قاتلىنىپ كېلىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ، ئاندىن مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى «-l(X)-»، ئۇنىڭ ئاخىرىغا يەنە ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى «-n(X)-» قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ھەم مەجبۇرىي دەرىجە، ھەم مەجھۇل دەرىجە، يەنە ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، tamturlunmïş / تامدۇرۇلغان، käðrülunmiş / كېيدۈرۈلگەن، süzrülünmiş / سۈزۈلدۈرۈلگەن.

**مەجبۇرىي دەرىجە بىلەن ئۆملۈك دەرىجىنىڭ قاتلىنىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ، ئاندىن «‐ ş (X)‐» ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ھەم مەجبۇرىي دەرىجە، ھەم ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، biriga bitik ötrüşdi. / ئۇلار بىر ـ بىرىگە خەت ئەۋەتىشتى. / biriga bitik ötrüşdi ئۆتكۈزۈشتى. (1 ـ توم، 309 ـ بەت) ol manga quş uçruşdi. / ئۇ ماڭا قۇش ئۇچۇرۇشۇپ بەردى.(1 ـ توم، 314 ـ بەت) olar bir birig sïğruşdi. / ئۇلار بىر ـ بىرىنى سىغدۇرۇشتى. (2 ـ توم، 305 ـ بەت) olar bir birning yazuqïn käçrüşüdi / ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشتى. olar ikki ton käðrüşdi / ئۇلار ئىككىسى (بىر ـ بىرىگە) تون كىيدۈرۈشتى.(2 ـ توم، 321 ـ بەت)

**مەجبۇرىي دەرىجە بىلەن ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ قاتلىنىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاندىن «‐n(X)‐» ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا، ھەم مەجبۇرىي دەرىجە، ھەم ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ol özingä yağ türtündi. / ئۇ ئۆزىگە ياغ سۈرتۈۋالدى. (2 ـ توم، 348 ـ بەت) külär är qatrundï / كۈلۈۋاتقان ئادەم قېتىۋالدى.(2 ـ توم، 362 ـ بەت)

**ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ قاتلىنىشى**

ھازىرغىچە كۆرگەن ئەسەرلەردە ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسىنىڭ بىر پېئىلغا تەكرار قوشۇلغانلىقىنى بايقىمىدۇق.

**ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن مەجبۇرىي دەرىجىنىڭ قاتلىنىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىل يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارقىسىغا يەنە مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر پېئىل ھەم ئۆزلۈك دەرىجە، ھەم مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ol atïn topraqqa ağnattï. / ئۇ ئېتىنى تۇپراقتا ئېغىناتتى.(1 ـ توم، 353 ـ بەت)

**تەبىئىيلىك ـ تەدرىجىيلىك دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجىنىڭ قاتلىنىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن «‐ (X)q ‐ / ‐ (X)g ‐ / ‐ (X)g ‐ / ‐ (X)k ‐» قاتارلىق تەبىئىيلىك ـ تەدرىجىيلىك دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ، ئاندىن «‐l(X)‐ ياكى ‐n(X)‐» قاتارلىق مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئىككى دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ïşdïn qorquldi. / ئىشتىن قورقۇلدى.(2 ـ توم، 497 ـ بەت)

**تەبىئىيلىك ـ تەدرىجىيلىك دەرىجە بىلەن مەجبۇرىي دەرىجىنىڭ قاتلىنىشى**

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن «‐ (X)q ‐ / ‐ (X)g ‐ / ‐ (X)g ‐ / ‐ (X)k ‐» قاتارلىق تەبىئىيلىك ـ تەدرىجىيلىك دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ، ئاندىن يەنە «‐t(X)‐»

قاتارلىق مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئىككى دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، -qor-q-ur- (2 - توم، 497 - بەت). ol anï qorqïttï / ئۇ ئۇنى قورقۇتتى. (2 - توم، 532 - بەت) . ol yüzin burqïttï / ئۇ يۈزىنى پۈرۈشتۈردى. ol anïng işin tal(ï)qïttï / ئۇ ئۇنىڭ ئىشىنى كېچىكتۈردى. (2 - توم، 496 - بەت) ol tondïn suf sarqïttï / ئۇ توندىن سۇ ساقىتتى.(2 - توم، 497 -بەت)

### تەبىئىيلىك - تەدرىجىيلىك دەرىجە بىلەن ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ قاتلىنىشى

جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئالدى بىلەن «-(X)q-/-(X)g-/-(X)g-/-(X)k-» قاتارلىق تەبىئىيلىك - تەدرىجىيلىك دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ، ئاندىن «-(X)ş-» ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى تەكرار قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا جۈملىدىكى بىر پېئىلغا ئىككى ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ دەرىجە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، olar ikki qorquşdï . / ئۇلار ئىككىسى قورقۇشتى.(2 - توم، 319 - بەت)

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا بىر پېئىلغا بىر خىل دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ ياكى ئوخشىمىغان بىرقانچە دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى تىلدىكى دەرىجە ئۇقۇمىنىڭ ئىنكاسى، تىلدىكى دەرىجە ئۇقۇمى تەپەككۇردىكى مۇرەككەپلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن تىلدىكى دەرىجە ۋە ئۇلارنىڭ قاتلىنىش ئەھۋالىنى، تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىش تىل تەتقىقاتى ئۈچۈنلا ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى».

تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 - يىلى.

تۇرسۇن ئايۇپ، مۇھەممەترېھىم سايىت: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ‹ئالتۇن يارۇق›»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى.

گېڭ شىمىڭ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە، 2006 - يىلى.

گېڭ شىمىڭ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە، 2006 - يىلى.

لى زېڭشياڭ، مۇھەممەترېھىم سايىت، جاڭ تيېشەن: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىن قىسقىچە خاتىرە» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى.

مۇھەممەترېھىم سايىت: «‹قىسسەسۇل ئەنبىيا›نىڭ تىلى ئۈستىدە فونولوگىيىلىك تەھلىل»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 -، 2006 - يىللىرى.

مۇھەممەترېھىم سايىت: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار»، «تۈركىي تىللار ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» (ماقالىلەر توپلىمى، 2 - توم)، مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى.

مۇھەممەترېھىم سايىت: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل دەرىجە قوشۇمچىلىرى»، «مىللەتلەر مائارىپى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1999 - يىلى، كۆپەيتىلگەن سان.

مۇھەممەتربھىم سايىت: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان.

مۇھەممەتربھىم سايىت: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇم قۇرۇلمىسى»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان.

مۇھەممەتربھىم سايىت: ««دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك»تىكى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان.

مۇھەممەتربھىم سايىت: ««دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك»تىكى سۈپەت ۋە رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 3 ـ سان.

مۇھەممەتربھىم سايىت: «تۈركىي تىللار تىلشۇناسلىقىدىن ئومۇمىي بايان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004، 2006 ـ يىلى.

مۇھەممەتربھىم سايىت، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى.

(ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا، دوكتور يېتەكچىسى)

* * *



ـــ ھەببۇللا ھامۇت زەۋقىي يازغان

# يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇزىكا ـ مۇقام ۋە ئۇسسۇل تەسۋىرى

غەيرەتجان ئوسمان

مەلۇمكى، ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى. بىر مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش فورماتسىيىسى، تۇرمۇش ئەھۋالى قانداق بولسا، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە شۇ خىل ئەھۋال ئەكس ئېتىدۇ.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا «نەغمە، مۇقام، مۇسىقا، مۇغەننى، ئۇسسۇل» دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار سەنئەتنىڭ ھەرخىل تۈر ـ شەكىللىرىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدىمۇ ئەينەن ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما مۇسىقى (مۇسىقا) دېگەن ئاتالغۇنى ئەجدادلارنىڭ قەدىمدىن بېرى ئىشلىتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە بۇزۇلغان شەكلى «مۇزىكا»نى قوبۇل قىلدۇق.

زەلىلىي (تولۇق نامى مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي، تەخمىنەن 1676 — 1755 ـ يىللىرى ياشىغان) شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئەڭ مۇقام ۋە ھەرخىل چالغۇلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ شېئىر يېزىش بىلەن بىرگە نەغمە ـ ناۋا، مۇزىكا ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھېرىسمەنلىك توغرۇلۇق توختالغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھىجرىيە 1131 (مىلادىيە 1718) ـ يىلى يازغان «سەپەرنامە» داستانىدا مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

نەغمە بىلەن تازەدۇر جانلار،
نەغمە بىلەن شاد پەرىشانلار.

نەغمە بىلەن شەھرى جۇنۇن بولدى پۇر،
ئۆزدى مىھارىنى جۇنۇنىدىن شۇتۇر.

نەغمە بىلەن روھى كىرىفتار تەن،
نەغمە بىلەن قىلدى فەرامۇش ۋەتەن①.

زەلىلىي ئادەتتىكى نەغمە ھەۋەسكارى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ــ مۇقاملاردىنمۇ ئوبدان خەۋەردار ئىكەنلىكىنى مۇنۇ بېيىتلىرىدىنمۇ بىلىش مۇمكىن:

«مەجلىس ئىچىگە ئوت سالۇر پەردەئى ئىراق،
مەشقى جۇنۇندىن ئەيلەگەچ سەۋتى تەرەننۇمى ئەجەم».

① «زەلىلىي دىۋانى» (ئىمىن تۇرسۇن نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشرى، 609 ـ بەت.

«ئەجايىب مەجلىسى گەرم ئولدى بۇ دەشتى بەيابانكىم،
نەۋائى نالەئى مەجنۇن بىلەن ئاھۇكەباب ئەردى».

زەلىلىي چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەنمۇ ئوبدانلا تونۇش بولسا كېرەك. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا بىرمۇنچە چالغۇنى (نەي، ئۇد، ئەرغەنۇن، قانۇن، چاڭ، راۋاب ۋە باشقىلار) تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، ئەرغەنۇننى كۆپ تەرىپلەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ ئۇستا ئەرغەنۇنچى بولۇشى مۇمكىن.

«چۇ قانۇنى مۇھەببەت ئۇستىخانىم پۇرسەدا بولدى،
رەگى ئەئزالارىمدىن ئەرغەنۇنغە تار بولغايمۇ؟»

«مەن نەۋائى نالەئى نەيدىن ھۇزۇرى تاپمادىم،
ئەرغەنۇنى مەجلىسى ئۇششاق خۇش ئاھەڭدۇر».

شۇنىڭدەك «ئەرغەنۇننىڭ سەداسىدىن كۆيدۈم، شۆئلە تاشلايدۇ زىر ئىلە بەمدە»، «شېئىرلىرىمنىڭ ھەرفى ھەر بېيتىمدە يۈز مىڭ ئەرغەنۇن ئەيلەپ فىغان» دېگەن مىسرالىرى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى تەستىقلايدۇ[1].

زەلىلىي بىلەن زاماندىش ئۆتكەن فۇتۇھىي (تولۇق ئىسمى خوجا سىددىق فۇتۇھىي، تەخمىنەن 1717 — 1756 ـ يىللىرى ياشىغان) يەكەن شەھىرىدە ياشاش جەريانىدا نەغمە ـ ناۋا، ئۇسسۇلغا ئالاھىدە قىزىققان بولسا كېرەك، «دىۋانى فۇتۇھىي»غا كىرگۈزۈلگەن «جىلۋە ئەيلەپ بەزم ئىچرە» ناملىق بىر پارچە غەزىلىدە ئۇسسۇلنى تەسۋىرلەپ، مۇنداق يازغان.

«جىلۋە ئەيلەپ بەزم ئىچرە بەرقدەك پەرران ئۇسۇل،
كۆڭلۈم ئۆرتەر، نەيلەگەيمەن، ئافەتى دەۋران ئۇسۇل».
«بۇ ئۇسۇل مۇھتاجىنىڭ مۇھتاجى بولساڭ فەخر بىل،
ئەي فۇتۇھى، بۇ ئۇسۇل ئېرمىش شەھى شاھان ئۇسۇل»[2].

**يەشمىسى:**

قانداق قىلاي، بەزمە ئىچىدە چاقماقتەك تېز ھەرىكەتلەنگەن ئۇسسۇل دەۋر ئاپتىپىدەك كۆڭلۈمنى كۆيدۈرمەكتە.

ئەي فۇتۇھىي، سەن بۇ ئۇسسۇلغا موھتاجلارنىڭ موھتاجى بولساڭمۇ پەخىرلەن، چۈنكى بۇ ئۇسسۇل جىمى ئۇسسۇل شاھلىرىنىڭ پادىشاھىدۇر.

زەلىلىي بىلەن فۇتۇھىي خوجىلار زامانىسىدا ياشاپ ئۆتكەن ئەدىبلەر. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار مۇزىكا مۇقام بىلەن ئۇسسۇلنى چوڭقۇر ھېسسىيات، قىزغىن مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلىگەن. بۇ ھال ئەينى زاماندا نەغمە ـ ناۋا، ئۇسسۇلغا نىسبەتەن ھېرىسمەنلىك كەيپىياتىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قاراشنى نەمەنگاندىن قەشقەرگە جاھانكەزدى بولۇپ كەلگەن ئوت يۈرەك شائىر مەشرەب (رەھىم بابا مەشرەب، تەخمىنەن مىلادىيە 1640 — 1685 ـ يىللىرى ياشىغان) نىڭ يازغان تۆۋەندىكىدەك غەزىلىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ:

---

① «زەلىلىي دىۋانى»، كىرىش سۆز 7 ـ بەت.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان، 33 ـ، 34 ـ بەتلەر، ئۈرۈمچى.

بایاتۇ، چەببیيات بىرلەن ئابۇ چەشمىنى مەن چالسام.
بۇ كۆڭلۈم بىناۋا بولغانىنى بىلسەم، مەن ناۋا چالسام.
مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينۇ ھەم ئەجەم دەرلەر،
ئۇلاردىن يۇقىرى پەدىگە — پەنجىگاھقا مەن چالسام.
ئارىلاپ چالسام ئۇششاقنى، مۇقامنى راكقا يەتكۈزسەم،
كى ئۇل شامۇ سەھەرلەردە مۇشاۋىرەكنى مەن چالسام...

مەشرەب ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى ئارىلاپ، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن يازغان بۇ قىسقىغىنا شېئىرىدا بايات، چەببىيات، ئابى چەشمە، ھۇسەينى، ئەجەم، پەنجىگاھ، ئۇششاق، راك، مۇشاۋىرەك قاتارلىق مۇقامناملىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.
مۇقام تارىخى تەتقىقاتچىسى مۆجىزىي (موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزىي) ھىجرىيە 1271 (مىلادىيە 1854 — 1855) ـ يىلى يازغان تەزكىرە خاراكتېرىدىكى «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» ناملىق كىتابىدا مۇقامناملىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، تارىختا مۇقام تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان شەخسلەرنىمۇ بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرغان.
19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە ياشاپ، بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ناقىس (موللا سابىر بىننى ئابدۇقادىر، 1843 — 1922 ـ يىللىرى ياشىغان) بىلەن ئەبدۇللاھ پوسكامىي (ئابدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەد ـ سادىق ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەد ئەمىن ئەلەم ئاخۇنۇم 1876 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1930 ـ يىللاردىن كېيىن ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار مۇزىكا مۇقام، نەغمە ـ ناۋا، ئەلنەغمىچىلەر ھەققىدە ئالاھىدە قەلەم تەۋرىتىپ، بەدىئىي خاتىرە قالدۇرۇپ كەتكەن.
ناقىس يېڭىسار ناھىيە بازار ئىچىدىن بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسە تەربىيىسى كۆرگەن ھەم مۇقام سازەندىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، مۇشۇ ساھەدىمۇ شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئۇ تەخمىنەن 1894 ـ يىللىرى تاماملىغان «دىۋانى ناقىس» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا ئىككى پارچە غەزەلنى مەخسۇس مۇقام شەرىپىگە بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق باشلىنىدۇ:

مۇغەننى چەك مەقامى راكنى بەزم ئىچرە مەستانە،
ساچىپ ئەربابى مەئنى مەجلىسىغە دۇردانە.

يەنە بىرى مۇنداق باشلىنىدۇ:

راك ئىلە چەببەياد داغى سىگاھ،
بىر تۇزۇپ قىلماغىل ھەزەر ھەرگىز.

شائىر ناقىس بۇ شېئىرلىرىدا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ناملىرىنى تولۇقى بىلەن ساناپ چىققان.
ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ناقىس (سابىر) نىڭ مۇقاملارنىڭ تىزىملىكى توغرىسىدىكى بىرقانچە پارچە شېئىرى، 10 نەچچە خىل چالغۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ يازغان شېئىرلىرى، «گۈلزارى بىنىش» ناملىق ئەسىرىدىكى ئۆزىنىڭ ساتار، دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، نەي چالىدىغانلىقى توغرىسىدا بايانلىرى، باربەد ئىسىملىك بىر (سازەندىنىڭ) نامىنى تىلغا ئالغانلىقى، مۇقامچى شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار ئۇنىڭ مۇقامدىن خەۋەردار ئادەم ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مۇقام ناملىرى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىلمىي ناملىرىنى بېكىتىشتە، تارىخى ۋە تارقىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا مۇقام ئۇستازى تۇردىئاخۇن ئاكىنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مانا بۇلار ناقىسنىڭ «12 مۇقام» ناملىرىنى تەسۋىرلەپ يازغان شېئىرلىرىدىن ئىلھاملىنىپ يېزىلغان قىسقىچە مۇلاھىزە بولۇپ، كەسىپداشلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشنى تەقەززا قىلىدۇ[1].

ئەبدۇللاھ پوسكامىي 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ــ 30 ـ يىللىرىدا يېزىپ تاماملىغان «كىتابى ئابدۇللاھ» ناملىق يىرىك ئەسىرىدە ئەينى زاماندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغان ئىجتىمائىي قاتلاملار ھەققىدە قىممەتلىك بەدىئىي تەسۋىري خاتىرە قالدۇرغان. ئۇ بۇ تەۋەررۇك كىتابىدا مەخسۇس «مەدداھ، قىسسەخانلارنىڭ بەيانى» دېگەن بىر باب ئېچىپ، خەلق سەنئەتكارلىرى بولغان مەدداھلار، قىسسەخانلار، نەغمىچىلەر ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتكەن. شائىرنىڭ مەدداھ ھەققىدىكى غەزىلى مۇنداق باشلانغان:

قىلىپ ھەق مەئرىفەت قىلماقغە كۆڭگەننى كۆڭەك مەددا،
كۆنۈپ ھەقنى بەيان قىلماقدا كۆپ كۆڭلى كۆيەك مەددا.

شائىرنىڭ قىسسەخان ھەققىدىكى غەزىلى مۇنداق باشلانغان:

تەگرى قىلدى بەئزىنى مەدداغە تابىئ قىسسەخان،
قىسسەلەرگە خەلقلەرنى قىلدى سامىئ قىسسەخەن.

شائىرنىڭ نەغمەچى ھەققىدىكى غەزىلى مۇنداق باشلانغان:

ئەھلى غەملەرنى قىلۇر دەفئى مەلالەت نەغمەچى،
بارچەلەردىن بۇ ئەجەب ياخشى مەلاھەت نەغمەچى[2].

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆز تارىخىنى ئەدەبىي يول بىلەن بايان قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بايقايمىز. مۇزىكا، مۇقام تارىخىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىرلار پارچە ـ پۇرات ھالەتتە بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى 300 يىللىق سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە پاكىتلىق رول ئوينايدۇ. بۇ ئۇچۇرلار بىرىنچىدىن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇزىكا، مۇقام، ئەلنەغمە، ئۇسسۇل قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئىزچىل بازارلىق مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرسە، ئىككىنچىدىن بۈگۈنكى قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەن مۇزىكا، ئۇسسۇل تەتقىقاتىنى تولىمۇ مۇھىم ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەجدادلارنىڭ ھەرقايسى پەنلەر قاتارى مۇزىكا ـ مۇقام، ئۇسسۇل ھەققىدىمۇ ئىزدىنىپ كەلگەنلىكىنى ياد ئېتىپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سەممىزگە سالىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، پروفېسسور)

---

① غەيرەتجان ئوسمان: «ناقىس لىرىكىلىرىدىكى ئون ئىككى مۇقام تەسۋىرى ھەققىدە ،قايتا ئىزدىنىش،»، «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىللىق 1 ـ سان.
② «كىتابى ئەبدۇللاھ» (ئابلىمىت ئەھەت نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.

# ھەزرىتى موللام ھەققىدە ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم

مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم

*مەن خېلى بۇرۇنلا ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى قەلەمگە ئېلىشقا قىزىققانىدىم. بۇ ھەۋەس تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى پەيدا بولغان.*

1

1934 ـ يىللىرى دادام بىلەن ئىككىمىز ئوپال ھۆلجىگەدىلىك نامەت ھەتتار دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە شەھەردىن ئىمىن ئاخۇن (لەقىمى شەيتان) قاتارلىق كىشىلەر بىلەن سەيلىگە چىققانىدۇق. سەيلە داۋامىدا ھۆلجىگەدە كەنتىنىڭ ئۆي ـ ئۆيلىرىگە مېھمانغا قىچقىرىلدۇق. يول ئۈستىدە بىر كەڭرى جايغا كەلگەندە، ماموت چەكادى (بۇ 50 ياشلاردىكى ئۆچكە ساقال، ساۋاتسىز ئادەم ئىدى) بىزگە مۇنداق دېدى:

— بۇ يەر ئوپالنىڭ ناھايىتى قەدىمكى خانلىرى دەۋرىدىكى بازار خارابىسىدۇر. ئوپال ئاقدالادىكى «قىزىل مەسچىت ئاتام»دا شاھى ئېھرام ناملىق بىر شاھىنشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ دەۋرىدە بۇ يەر كاتتا بازار بولۇپ، توخۇ سۈتىدىن تارتىپ تۆتىيا، مېھرىگىياھقىچە ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن. بىر كۈنى شاھى ئېھرام زىيارەتكە كەلگەن ئۇلۇغ بۇراخاننىڭ كەنجى ئوغلى قىلىچ بۇغراخاننى سەيلە قىلدۇرۇش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ كەلگەندە، ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ، ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ، مۇشۇ يەردە بەختكە قارشى قازا تاپقان. شاھى ئېھرام بۇ تاسادىپىي ۋەقەدىن پەرىشان بولغان. ئۇلۇغ بۇغراخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئوغلىنىڭ نامىزىغا ھازىر بولۇپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۇنى يىقىلغان يېرىگە دەپنە قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خالايىق قىلىچ بۇغراخان دەپنە قىلىنغان جاينى «بۇغرام مازىرى — قىلىچ بۇغراخان مازىرى» دەپ ئاتىشىپ، بۇ يەردە دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ، تۈنەك ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ياد ئېتىشىدىغان بولغان.

2

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە شۇ مېھمانلار بىلەن «قۇمباغ» دېيىلىدىغان جايدىكى مۇسائاخۇن تېۋىپ دېگەن كىشىنىڭ بېغىغا سەيلىگە تەكلىپ قىلىندۇق. بۇ ئادەم شۇ چاغلاردا قەشقەردە «تېۋىپى ئازىق» دەپ ئاتالغان مەشھۇر تېۋىپ ۋە بىلەرمەن كىشى (بۇ كىشى كاتتا تېۋىپ بولسىمۇ، قەشقەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەن ۋە سىبلىس كېسىلىگە قارشى دورا دەپ نام چىقارغان «نوۋار ـ رىنسول» دېگەن ئوكۇلنى تومۇرغا ئۇرۇشنى بىلمەي گۆشكە ئۇرۇپ، بىر بىچارە ئادەمنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان) ئىدى.
بىز كەلگەن سۆسەردىكى بېغىدا ئۇ كىشىنىڭ ساقاللىق ئىنىسى جالالىددىن ئاخۇن ئولتۇراقلىق ئىكەن. باغنىڭ يۇقىرىقى تەرىپى ياپپېشىل چىملىق بولۇپ، ئۇ يەردە تايچىقى بىلەن باغلانغان بىرنەچچە بايتال ئوتلىشىپ يۈرەتتى. ئوتلار ئارىسىدىن ئاققان بۇلاق سۈيى بىرنەچچە تۈپ يوغان قارا سۆگەت يېنىدىكى سۇپا تۈۋىدىن ئۆتۈپ، تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئېقىپ كېتىدىكەن. بۇ كىشى بىزگە چۆشلۈك تاماقنى قىمىز بىلەن بەرگەندىن كېيىن، ھەممىمىزنى «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا بېرىپ، پېشىن نامىزىنى شۇ يەردە ئادا قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ھەممىمىز بۇلاق، ئېرىق سۇلىرىدا تەرەت ئېلىپ، پېشىن نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، «ھەزرىتى موللام» مازىرىدا تاۋاپ ـ زىيارەتتە بولدۇق. قېرىلار ئۇزاققىچە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئىستىغپار ئېيتىپ ئولتۇرۇشتى. زىيارەتتىن يېنىشىمىزدا بىزگە جالالىددىن ئاخۇن ئاكا (بۇ ساۋاتلىق، 50 ياشلاردىن ئاشقان، تىزى بىلەن تەڭ كەمزۇل كىيگەن كىشى ئىدى) ئەتراپتىكى جايلارنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:
— ئالدىمىزدىكى بۇ تاغ ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ ئالىم، ئۆلىما ھەزرىتى موللامنىڭ نامىغا ئاتىلىپ «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھەزرىتى موللامغا ئىخلاسمەن كىشىلەردىن بىرى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: «مەن دەرگاھى ھەقتىن دائىم ناھايىتى كاتتا نەرسە سورايمەن ۋە سېنىڭ دەرگاھىڭدىن ئاز نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزى كور بولسۇن دەيمەن» دەپتۇ. ھەزرىتى موللام: «سېنىڭ دەرگاھى ھەقتىن تىلىگەن كاتتا نەرسەڭ نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. ئىخلاسمەن كىشى: «مەن ئاللادىن جانابلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ تاغنى قىپقىزىل ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى تىلەيمەن» دەپتۇ. ھەزرىتى موللام بۇنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ھەزرىتى موللام تالىپلىرىغا دەرس ئۆتۈۋاتقاندا ھېلىقى ئىخلاسمەن كىشى ئۆزىنى بىر كىشىگە يېتىلەتكەن ھالدا كىرىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ. ئارقىدىن ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، كۆزىنىڭ خىرە بولۇپ قالغانلىقىدىن زارلىنىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ھەزرىتى موللام ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن: «... جانابىي ئاللا بىزگە يەتتە ئەزادىن ئىبارەت بۇ تۈگىمەس بايلىقنى بەردى. ئۇنى چۈشىنىپ يېتىشكە بىزنىڭ ئەقلىمىز چولتىلىق قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللا بىزگە ئاتا قىلغان بۇ نېمەت — بايلىقنى جايىدا ئىشلىتەلىسەك، بىزگە دۇنيادىكى تاغلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىلگەندىنمۇ ئارتۇق بايلىققا ئېرىشەلەيمىز. مۇبادا سەن چۈشەنسەڭ، مۇشۇ تاغ ئارزۇيۇڭدەك ئالتۇن بولغىنىدىن كۆرە، كۆزۈڭنىڭ زەپىل بەسەر (كۆز ئاجىزلىقى) بولمىغىنى ياخشى ئىدى» دەپتۇ. ئۇ كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلىپ: «مەن ئاللاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن نېمەت سورىساممۇ، مېنىڭ كۆزۈمنى ئەما قىلىپ قويامدۇ، بۇ قانداق ئادالەت؟» دەپتۇ. ھەزرىتى موللام جاۋابەن: «... سېنىڭ دۇئالىرىڭنى خۇدا قويماي ئىجابەت قىلىپ، ئادالىتىنى

زاھىر قىپتۇ. چۈنكى، سەن بىرىنچى دۇئايىڭدا ئالىلادىن تاغنى ئالتۇن قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن ئىكەنسەن، ئۇ ئۇنىڭدىن كاتتىراق بايلىق ــ تەن سەھەتلىكنى بېرىپ، ساڭا مەرھەمەت ۋە ئېھسان قىپتۇ. سەن بۇنىڭغا شۈكۈر قىلماي، مال ـ دۇنيا ئارزۇسىدا بولۇپسەن. «ئاز نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزى كور بولسۇن»، دېگەن ئىككىنچى دۇئايىڭمۇ ئىجابەت بوپتۇ. چۈنكى، دەرگاھى ھەقنىڭ نەزىرىدە تاغلارنى ئالتۇن قىلماقتىن ئاسان ئىش بارمۇ؟ ئەگەر سەن مەندىن: «خۇداغا دۇئا قىلىشتىكى مەسلىھەتىڭىز نېمە» دەپ سورىغان بولساڭ، مەن: «خۇدايا، بەدىنىمنى سالامەت قىل، رىزقىمنى يەتكۈدەك بەرگىن، پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق ــ ئىلىم بەرگىن دەپ دۇئا قىل» دېگەن مەسلىھەتنى بەرگەن بولاتتىم» دەپتۇ.

جالالىددىن ئاخۇن ئاكا يەنە بىر تەرەپتىكى تاغنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ بۇ كۆرۈنگەن تاغنى «قىزىل مەسچىت ئاتام تېغى» دەيمىز. ئۇ تاغدا خەلق يىراقتىن ـ يىراقتىن كېلىپ، سۈيىنى تەۋەررۈك قىلىپ ئېلىپ كېتىدىغان تۇز بۇلاق بار. يەنە شۇ يەردە قەدىمكى چاغلاردىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ خارابىسى تېخىچە يالتىراپ تۇرۇپتۇ. بوۋىلىرىمىز بىزگە: «ھەزرىتى موللام ۋاقتىدىكى شاھى ئېھرامنىڭ شەھىرىمۇ ئاشۇ تاغ ئەتراپلىرى» دەپ ئېيتقان. ئۇ تاغ يانلىرىدا «چىمگەن»، «تۆرە توقاي» يايلاقلىرى بار. ھەزرىتى موللام نەۋقىران چاغلىرىدا تەھسىلى ئىلىم ۋە ساياھەتتى ئالەم ئۈچۈن، شۇ يەردىكى «مۇق» يولى بىلەن دەۋرى ئالەم سەپىرىگە ماڭغانىكەن، ــ دېدى. ئۇ يەنە بىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ــ ئالدىمىزدىكى بۇ تەرەپنى «سۇلتانباغ» ياكى «سۇلتانىم دارىسى» دەيمىز. بۇ يەرنى شاھى ئېھرام باغ قىلماقچى بولغاندا، توغانلارنى ياسىتىپ تەسلىكتە سۇ چىقارغانىكەن. ئۇ يەردە خانلارنىڭ ئېپى ـ ئەۋلادى سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىغان، بۇغا ـ مارال، كېيىك، توشقانلار... سەكرىشىپ يۈرىدىغان توقايلىقلار بولغانىكەن، ــ دەپ تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قەبرىنى كۆرسىتىپ، ــ بۇ ھەزرىتى موللامنىڭ بوۋىسى خوجا سەيفىددىن بۇزرۇكۋار ئەلەيھى رەھمىنىڭ قەبرىسى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەتراپىغا ھەزرىتى موللام بوۋىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دەپنە قىلىنغان، ئۇلارنى «بۇزرۇكۋارلىرىم» دەيمىز، ــ دەپ سۆزدىن توختىدى.

مېھمانلاردىن بىرى ئۇي تەرەپ كۆرسىتىپ:

ــ ئاۋۇ پەستىكى مەھەللىنى نېمىشقا «ئۇيچولپان» دەيدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەبنى بىلەمدىلا؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئۆزۈم ئۇپال قۇمباغلىق تۇرۇپ «ئۇيچولپان» مەھەللىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرمەپتىمەن، ــ دېدى جالالىددىن ئاخۇن ئاكا.

3

جالالىددىن ئاخۇن ئاكىنىڭ ئاكىسى مۇسا ئاخۇنكام تېۋىپ (ئۇ 60 ياشلاردا، شۇ چاغدا شەھەر زىيالىيلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرىدىن بولۇپ، سول پۇتىدا بىرئاز ناقىسلىق بار ئىكەن. شۇڭا، خەق «مۇساخۇنكام توكۇر» دېسە بىلىشىدىكەن. ئۇنىڭ كېسەل قوبۇل قىلىدىغان ھويلىسىدا گۈل، دەرەخ، كېيىك، توشقان، شاتۇتى، قىرغاۋۇل... قاتارلىقلار بار ئىكەن) مۇنداق دېدى:

ــ بوۋىمىزنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، داۋگۇاڭنىڭ قەشقەردىكى ھاكىمى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسىدا بەش نەپەر يارامىلىق كاتىپ بار ئىكەن. ئۇلاردىن رەيھان ئاخۇنۇم كاتىپ، ئىسپەندىيار ئاخۇنۇم كاتىپ، ئابدۇرېھىم سىجىلات (نەزارىي)لار ياشتا چوڭراق ئىكەن. نورۇز ئاخۇنۇم

كىتاب تۈربېكىتى



كاتىپ بولسا ياشراق ئىكەن. ئابدۇرېھىم سىجىلات ھەممىدىن چەبدەس ۋە ئىستېداتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بۇ كىشىنى بەك قەدىرلەيدىكەن. ئۇزاققا سوزۇلغان رەھىمسىز سىل كېسىلى ئابدۇرېھىم سىجىلاتنى بەك قىيناپتۇ. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ مەخسۇس تېۋىپى سوپى ئاخۇنۇمنىڭ: «نەزارىيىنى ھاۋاسى ياخشى، گۈزەل جايدا ئاراملاندۇرۇش لازىم» دېگەن گېپى بويىچە، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى توققۇز يۇرتنىڭ ھەممىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگەندە، سۈيى، ھاۋاسى، مەنزىرىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوپالنىڭ قومباغ (قەدىمدىن «ئازىق» دەپ ئاتالغان جاي)دىن ياخشى جاي تېپىلماپتۇ. ھاكىمبەگ بۇ يەرنى نەزارىي ئۈچۈن ئارامگاھ قىلىپ تاللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەش پاتمان يەر، مەخسۇس بىر ئېرىق سۇ، ئالاھىدە بىر باغچە — توقايلىق تەيىنلەپ، خىزمىتىگە ئادەم قويۇپ كۈتۈپتۇ ئابدۇرېھىم سىجىلات ئارىدا بىرئاز ياخشىلىنىپ، ھەزرىتى موللام تەزكىرىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «دىيارى ئىمام» دېگەن كىتابنى يېزىپ پۈتكۈزۈپ، 1850 – يىلى ۋاپات بولغانىكەن.

مەن بۇنىڭدىن ئالتە – يەتتە يىل بۇرۇن ئۆيۈمدە كېسەل كۆرۈۋاتسام، شەھەر بايلىرىدىن ئۆمەر باينىڭ خىزمەتچىسى مۇھەممەترېھىم ئاخۇن شەپەرەك دېگەن كىشى سالاپەتلىك كىيىنگەن بىر ئەرەبنى قېشىمغا باشلاپ كىرىپ، ئۆمەر باينىڭ ئۇ كىشىنىڭ كېسىلىنى كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرۈپ دورا قىلىشىمنى تاپىلىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنىڭ ھەرەم شېرىپتىن كەلگەن شامىي داموللام (ئۆز ئىسمى مۇھەممەد ئابدۇلئەسەد، سۈرىيىلىك) ئىكەنلىكىنى دېدى. مەن سالام – سەھەتتىن كېيىن، ئۇ كىشىگە ئىززەت – ئىكرام كۆرسىتىپ، كېسىلىنى كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرسەم، ئۇ ئېغىر سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ بۇ كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، تومۇز كۈنلىرى ئۇنىڭ كېسىلى كۈچەيدى، نەپەس ئېلىشتا قىينالدى. مەنمۇ ئىسسىق كۈنلەردە شەھەردە تۇرالمايدىغان بولغىنىم ئۈچۈن، ئۇ كىشىگە كۆپرەك دورا ئېلىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلسام، سەۋەبىنى سورىدى. سەھراغا ھاۋالىنىش ئۈچۈن بارىدىغانلىقىمنى دېسەم، ئۇ مەن بىلەن بىللە بېرىشنى ئۆتۈندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنى بۇ يەرگە بىللە ئېلىپ كەلدىم. ھەپتىگە قالماي ئۇنىڭغا دورا، ھاۋا، قىمىز تەسىر كۆرسەتتى، خىرقىرىشىمۇ توختىدى، ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، سەمرىشكە يۈزلەندى. ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك مەشغۇلىيىتى سەھەر تۇرۇپ، ھەزرىتى موللامنىڭ بېشىغا بېرىپ زىيارەت قىلىش، سۈسەر ئاغزى، تەكىيە مەھەللىسى، خوجا سەيفىددىن ۋەلىيۇللا مەقبەرىلىرىگە قەدەر ئايلىنىپ كېلىش ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا: «زېمىن ئۈستىدە كۆپ جايلارنى كۆردۈم، ئەمما مۇنداق گۈزەل ۋە ھاۋالىق زېمىننى ئۇچراتمىدىم. جەننەت زېمىن ئۈستىدە بولسا، مانا مۇشۇ يەردە ئىكەن. ۋەلىيۇللا (ھەزرىتى موللام) ئالىم بولغاچ، بۇ يەردە تۇرۇشنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن. ئۇ زات ھەققىدە ماڭا چۈشەنچە بەرسىڭىز» دېدى.

مەن ئۇ چاغدا خۇددى جالالىددىن ئاخۇندەك يۈزە بىلگەنلىرىمنى ئېيتسام، ئۇ كىشى دېگەندەك قانائەتلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالماي، ماڭا ئەپسۇسلۇق بىلدۈرۈپ، تەزكىرە تېپىپ بېرىشىمنى ئېيتتى. بىرنەچچە ۋاقىت سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر (ئۇنىڭغىچە شامىي داموللام كېتىپ قالدى)، ئىككى – ئۈچ خىل تەزكىرىگە ئىگە بولدۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇكەممەلرەكى «دىيارى ئىمام» تەزكىرىسى ئىدى. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، ئوپال ئافراسىيابنىڭ ئارامگاھلىرىدىن بىرى ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇراخان زامانىدىمۇ كاتتىلار ياز كۈنلىرى يۇدۇغۋاش تەرەپلەردىكى يايلاقلاردا سەيلە – تاماشا قىلىپ، قىمىز ئىچىپ، قىزا يەپ، قىزلارنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپ قايتىشىدىكەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدىمۇ مادايىنغا بارىدىغانلار «غوجا قونداق مازىرىم» دېگەن جايدا قونۇپ، ھاردۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئارتۇچ (ئاتۇش) مەشھەد ياكى يىراقلارغا قاراپ، كارۋىنىنى باشلاپ كېتىدىكەن.

كۈنلەردىن بىرىدە ئۇپال دىيارىنىڭ پادشاھى — شاھى ئېھرامىنىڭ شاھزادىسى قايراق تېغىدا شىكار قىلىۋاتقاندا، ئالدىغا بىر كېيىك ئۇچراپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا ئوقيا چىلتىسىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ. كېيىك مەجرۇھ بولۇپ قېچىپتۇ. شاھزادە ئۇنى قوغلاپ «ئازىق» دېگەن جايغا كەلگەندە، كېيىك غايىب بوپتۇ. تەنھا شاھزادە ئەتراپنى ئاختۇرۇپ كېيىكنى تاپالمىغاندىن كېيىن، چاتقاللىقتىن چىقىپ قارىسا، چىغىر يولدا بىر ساھىبى رەنا سۇ ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ. شاھزادە ئۇنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. ئۇنىڭغىچە قىز بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئۆزىنى بىرئاز ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، قىز كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، قامچا دەستىسى بىلەن ئىشىكنى چېكىپتۇ.

ھويلا ئىچىدىن يەڭلىرى تۈرۈلگەن، ئاپئاق ساقاللىق بىر كىشى چىقىپتۇ. شاھزادە مويسىپىتكە ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئەدەپ بىلەن: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ. ساھىبخانا دەسلەپتە بوسۇغىدا تۇرغان سالاپەتلىك مېھماننى كۆرۈپ ئارقىغا داجىپتۇ، كېيىن: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالام بېرىپ، ئۇنى ھويلىغا تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە ھويلىغا كىرىپ، ئۇسسۇزلۇق سورىغانىكەن، مويسىپىت ئۆيىدىن تەخىرسىزلا بىر چوڭ ھېجىرنى لىقمۇلىق ئانار شەربىتى بىلەن تولدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا تەكەللۇپ بىلەن سۇنۇپتۇ. شاھزادە شەربەتنى قولىغا ئېلىپ قانغۇدەك ئىچىپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مويسىپىتكە قاراپ: «ئىسمىلىرى نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. ساھىبخانا: «سەيفىددىن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھزادە: «سىلەرنىڭ كۆلبەڭلەردە ئوغۇل - قىزلىرىڭلار كۆپمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ساھىبخانا: «يوقسۇ، پەقەت سۇلبىيە قىزىم بىلەن ئىككىمىزلا بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىپ ئىشىكتىن چىقىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن سەركەردىلەر بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. شاھزادىنىڭ ھەر قەدەمدە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋاتقان قىياپىتىگە قاراپ، قېرى باھادىر ئەنسىرەپ، سەۋەبىنى سوراي دەۋاتقاندا، شاھزادە ھېلىقى ھويلىغا قاراپ، ئۇلۇغ تىن ئاپتۇ. تەجرىبىلىك باھادىر «شاھزادەمگە ئىشق ئوتى تۇتاشقان بولۇشى مۇمكىن» دەپ قىياس قىپتۇ.

شىكاردىن يانغاندىن باشلاپ، كۈندىن - كۈنگە شاھزادىنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، چىرايى سارغىيىپ، ئۇيقۇسى قېچىپ، بىئارام بولغىلى تۇرۇپتۇ. شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ھۆكۈمالارنى يىغىپ، ئوغلىنى كۆرسەتكەنىكەن، ھەرقايسىسى ئۆزىگە لايىق كېسەللىك ئېھتىمالىنى دەپ دورا بېرىشىپتۇ. لېكىن، ئۇ دورىلار شاھزادىگە تەسىر كۆرسەتمەپتۇ. ئاخىر قېرى ئەمچى يۈرەكتىكى سەكتاغا قاراپ شاھزادىگە ئانار شەربىتى بۇيرۇپتۇ. شاھزادە ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە پىيالە ئانار شەربىتى ئىچكەنىكەن، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ، ۋۇجۇدىغا ماغدۇر كىرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئىشتكەن شاھ دەرھال ئوغلىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا قىلغانلىقىنى سوراپتۇ. شاھزادە: «ئانار شەربىتى» دەپ جاۋاب بېرىپلا تائام يېمەستىن، يەنە يېتىۋاپتۇ. تىت - تىت بولغان شاھ ئوغلىنىڭ كۆڭۈل سىرىنى ئېلىش ئۈچۈن قېرى باھادىرنى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويۇپتۇ.

شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ ئايايدىغان بۇ باھادىر ياشلىقىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىدىن سۆزلەپ كېلىپ، «پىراقى مۇھەببەت»تىن سۆز ئاچقاندا، شاھزادە چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ:

«يەنچۇ، يەنە قانداق قانداق بولغان؟ قانداق بولغىيدى؟» دەپ بىر ئۇلۇغ تىنىپلا، دۇم يېتىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. باھادىر شاھزادىنى ئاستا يۆلەپ تۇرغۇزغانىكەن، ئۇ ئۇسسۇزلۇق سوراپتۇ. ئۇ چاغدا ئانار شەربىتى تۇگەپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مۇزدەك كاشكاپ بەرسىمۇ ئىچمەپتۇ. باھادىر شاھزادىدىن ئانار شەربىتىنى مۇنچە ياخشى كۆرۈشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن. ئۇ: «بۇنىڭدىن ئالتاي ئاي بۇرۇن شىكارغا چىققان ۋاقتىمدا بىر مەجرۇھ بولغان كېيىكنى قوغلاپ ‹ئازىق› دېگەن جايغا كەلسەم، بىر گۈزەل قىز سۇ كۆتۈرگەن پېتى بىر ھويلىغا كىرىپ كەتتى، ئارقىسىدىن بېرىپ ئىشىكنى چەكسەم، بىر مويسىپىت كىشى چىقىپ، مېنى ھويلىغا تەكلىپ قىلدى. مەن ھويلىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئۇسسۇزلۇق سورىسام، ماڭا سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى بەردى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى سەيفىددىن ئىكەن. شۇنىڭدىن بېرى مۇشۇ ھالغا قالدىم...» دەپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.

باھادىر بۇ ئەھۋالنى شاھقا بىر - بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن، شاھ ئاغلاقچىلىرى ئارقىلىق سەيفىددىننىڭ ئائىلىسىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، دېيانەتلىك دېھقان سەيفىددىننىڭ تولىمۇ ئەقىللىق قىزى بۈۋى رابىيە ئانىسىدىن يەتتە ياشتا يېتىم قالغان بولۇپ، ھازىر بويىغا يېتىپتۇ. ئاتىسىنىڭ ھەممە ئىشىغا ئۇ ئەقىل كۆرسىتىدىكەن. ئىپپەت - نومۇس بابىدا يۇرتتىن بۇ ئاتا - بالىدەك ئادەمنى تاپقىلى بولمايدىكەن. شاھ بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ، ئوغلىغا دېھقان سەيفىددىننىڭ نۇر چەشمىسى — بۈۋى رابىيەنى ئېلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ ۋە باھادىر ئارقىلىق ئوغلىدىن رازىلىق سوراپتۇ. شاھزادە ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئەلچىلەر بېرىپ تويىنىڭ قائىدە - رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ كەپتۇ. شاھ پۈتكۈل ئەل - يۇرتقا يەتتە كېچە - كۈندۈز ئۆيىدە قازان ئاسماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ھەممە توي ئويناپتۇ، تويدا شاھى ئېھرامنىڭ لەشكەرلىرى ماھارەت كۆرسىتىپتۇ. ئەمما، شاھزادىنىڭ ئوقيا ئۈزۈشى، توپۇق ئويۇنى، چاۋگان ئۇرۇشى ھەممىنى داڭقاتقۇزۇپ قويۇپتۇ. تاماشىدىن كېيىن نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇلۇپ، قىز - ئوغۇلنىڭ رازىلىقى ھەم ۋەدىسى ئېلىنىپتۇ. شاھ ئوردىسىغا بۈۋى رابىيەنىڭ كېلىن بولۇپ كىرىشى ئادالەتنىڭ روناق تېپىشىغا، يۇرتنىڭ گۈللىنىشىگە، ئەلنىڭ بەختىيار بولۇشىغا سەۋەب بوپتۇ.

بۈۋى رابىيە ھامىلىدار بولۇپ، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائىتى توشقانىكەن، ئاتىسىنىڭ خانىسىدە ساق - سالامەت تولىمۇ ئوماق بىر پەرزەنت تۇغۇپتۇ. ئاتىسى سەيفىددىن ئىنىكئانىلاردىن: «نېمە تۇغدى؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇلار: «بۆرە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سەيفىددىن بۇ خۇش خەۋەرنى شاھقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يولغا راۋان بوپتۇ. شاھى ئېھرام ئەسلىدە شاھزادىسى بىلەن ئۇپال ئارت قىرىق بۇلاق ئەتراپىغا شىكارغا بارغانىكەن. تاغدا شاھنىڭ ئېتى تېيىلىپ كېتىپ، ئۇ ئات بىلەن تەڭ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. لېكىن ئېتى ئۆلۈپ، ئۆزى ساق قاپتۇ. دەل شۇ مەھەلدە سەيفىددىن يېتىپ كېلىپ، بۇ خۇش خەۋەرنى شاھقا ۋە كۈيئوغلىغا يەتكۈزۈپتۇ.

زور پالاكەتتىن ئامان قالغان شاھ تۇنجى نەۋرىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىك شەرپىگە شىكارغا ئۆزى بىلەن بىللە چىققان 40 يىگىت مىنگەن ئاتلارنى نەزىر قىلىپ، شۈكرانىسىگە دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ يۇرتتىكى پۈتكۈل ئۆلىما، يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ، نەۋرىسىگە ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، ئاكابىرلارغا خەۋەر بېرىپتۇ. مېھمانلار «قىزىل مەسچىت ئاتام»دىكى ئوردىغا يىغىلىپ مۇراسىمنى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەت ئاخىرىدىكى دۇئايى خەيردىن كېيىن، بوۋاقنى ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇپ، توققۇز

سىپاھ كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئوردا مېھمانخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

شاھنى مېھمانلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا: «شاھىمىزغا قۇتلۇق بولسۇن !» دەپ مۇبارەكلەپتۇ. ئاندىن يۇرت قازىسى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، پېشانە ۋە تاپانلىرىغا سۆيۈپ: «شاھزادە يەتتە ئىقلىمغا شاھ بولغاي» دەپتىكەن، شاھى ئېھرام مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. ئىككىنچىسى قولىغا ئېلىپ: «كاتتا باھادىر ۋە ئەقىللىق بولۇشى قولىقىنىڭ چوڭلۇقى ۋە پېشانىسىنىڭ كەڭلىكىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خاسىيەت شاھزادىگە خاستۇر» دەپتىكەن، بۇ گەپمۇ شاھقا غەلىتە تۇيۇلۇپتۇ. ئۈچىنچىسى، تۆتىنچىسى، بەشىنچىسى، ئالتىنچىلىرىمۇ شاھقا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ياغلىما سۆزلەرنى قىپتۇ. يەتتىنچى نۆۋەتتە شاھنىڭ قۇدىسى سەيفىددىن نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ: «تەڭرىم بىزگە بۇ يېڭى مېھماننى ئاتا قىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا شۈكۈرلەر بەجا كەلتۈرىمەن. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ھەرقانداق ياخشىلىقى ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىتىشتىن ئەۋزەل ئەمەس. تەڭرىم نېسىپ قىلسا، تەربىيىمىز بىلەن نەۋرىمىز ئالىم بولغۇسىدۇر» دەپتىكەن، پۈتكۈل مېھمانلار بارىكاللا توۋلىشىپ كېتىپتۇ، ئارقىدىنلا «ئاللاھۇ ئەكبەر...» دېگەن تەكبىر ساداسى كۆتۈرۈلۈپتۇ. شاھنىڭ خۇشاللىق يېشى كۆز چانىقىدىن نورۇز بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ سەيفىددىننى نەۋرىسى بىلەن بىللە قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، نەچچىنى چۆرگىلىتىپ ئاندىن يەرگە دەسسىتىپتۇ ۋە نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ باش - كۆزلىرىگە سۆيۈپ، ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ:

«ئىلىم ئىلەدۇر نىزامى ئالەم،
ئاداب ئىلەدۇر كامالى ئادەم»

دەپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن: «مەن يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھلىقىدىن ئەۋلادىمنىڭ ئالىم بولغىنىنى چوڭ بىلىمەن. ئالىملىق ئىككىلا دۇنيا نىجاتلىقى ۋە شاھلىقىدۇر. مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ۋەلىي (ئالدىن بىلگۈچى، كارامەت ئىگىسى)گە ئوخشاش قۇدىمىز سەيفىددىن ئاكا تاپتى. مەن بۇنىڭدىن ھەقىقىي رازى بولدۇم. بۈگۈندىن باشلاپ، بۇ كىشىنىڭ نامىنى پۈتكۈل ئەل ‹سەيفىددىن ۋەلىيۇللا› دەپ ئاتىغاي» دەپتۇ. بۇنىڭغا ھەممەيلەن «خوش» دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، بالىنىڭ ئىسمىنى نېمە دەپ قويۇش ھەققىدە مەسلىھەت - مۇنازىرىلەر باشلىنىپتۇ.

ئۆلىمالاردىن بىرى: «ئەي كەرەملىك شاھىمىز، بۈگۈن سىلى ئىلىمپەرۋەرلىكلىرىنى ئايان قىلىپ، ئىلىم - مەرىپەتنى شاھلىقتىن يۇقىرى دەپ تونۇپ، بىزگە سائادىتىمىزنى كۆرسەتتىلە. بىز ئىلىم ئەھلىلىرى بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇق. شۇڭا، بىز سىلىدەك شاھىمىز بىلەن ماختىنىمىز. ھەممىمىز مۇشۇ ماختىنىش ۋە مەمنۇنىيىتىمىزگە شۈكۈر بەجا كەلتۈرىمىز. بىزنىڭ مۇشۇ نىيەت - مۇددىئايىمىزنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، قۇتلۇق قەدەملىك پەرزەنتلىرىگە بەش ھەرپتىن ھاسىل بولغان ‹مەھمۇد› (ماختانغۇچى) دېگەن ئىسىمنى قويۇشنى ئىلتىجا قىلىمىز. چۈنكى، بۇ ئىسىمنىڭ ھەربىر ھەرپىدە بىر مەنە يوشۇرۇنغان. بىرىنچى ھەرپ بولغان ‹م› (مىم) مەمنۇنىيەتنى، ‹ح› (ھە) ھەمدۇ ئېيتقۇچى دېگەن مەنىنى، ‹م› (مىم) مۇددىئا - مۇرادىغا يەتكەن دېگەن مەنىنى، ‹و› (ۋە) ۋاپادار دېگەن مەنىنى، ‹د› (دال) دىيانەتلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپتۇ.

شاھى ئېھرام خالايىق مۆتىۋەرلىرى ئالدىدا: «بۇ مۇبارەك پەرزەنتىمىزنىڭ ئىسمى مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن بولسۇن. ئوغلىمىز ھۈسەيىن بۈگۈندىن باشلاپ بۇ مۇبارەك پەرزەنت ھۆرمىتى يۈزىسىدىن ‹ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن› دەپ ئاتالسۇن. خالايىق ئىچىدە ئىلىم - ھۈنەر شۇنداق روناق تاپسۇنكى،

ئىلىم ـ ھۈنەر بىلمىگەن بىرەر كىشى سەلتەنەتىمىز تەۋەسىدە كۆرۈلمىگەي. ھەرقانداق كىشى پەزىلىتىنى ئارتتۇرغاي. ئىلىمۇئىرپانغا قىيا باققۇچىلارنى ھاشارغا ھەيدەپ، ئۇلارنىڭ سىپىلىقىنى ئېغىرلاتقاي» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

شاھزادە مەھمۇد شاھى ئېھرامغا تەلپۈنگەندە، ئۇ خۇشال بولۇپ توققۇز قوي ئۆلتۈرۈپ، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «ھەقىق تويى» قىپتۇ. ئارقىدىن ئۆلتۈرۈلگەن قوي سۆڭەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ «كېپەنلەپ»، بالىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن ئۈچۈن، «قىچىلجاي ئاتام»دىكى زاراتگاھلىققا كۆمۈپتۇ.

مەھمۇد تۆت ياش، تۆت ئاي، تۆت كۈنلۈك بولغاندا، ئۇنى «كونا قورغان» دېگەن جايدىكى ئىككى ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان كاتتا جامە قېشىدىكى مەكتەپكە تەنتەنە بىلەن ئوقۇشقا ئەكىرىپ بېرىپتۇ. مەھمۇدنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىشتا بوۋىلىرى شاھى ئېھرام بىلەن سەيفىددىن ۋەلىيۇللا ئوڭ ۋە سول قولىدىن يېتىلەپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغان خالايىققا خۇنچىدە كۆتۈرگەن كۈمۈش دىنارىنى ئوغلىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، سىقىملاپ ياكى چېچىپ بېرىپ، ئۇلارغا ساخاۋىتىنى يەتكۈزۈپتۇ. شاھ دەرسخانىغا كىرىپ، ئۇستازغا سالام قىلىپ، ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، پەرزەنتى مەھمۇدنى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ: «بۈگۈن پەرزەنتىمىزنىڭ بىز ئاتىلاردىكى ئىككىنچى ھەققى، يەنى ئىلىم ـ تەلىم بېرىشنى سىلىگە تاپشۇرۇشقا كەلدۇق. ئۈمىدىمىز زايە بولمىغاي» دەپتۇ ۋە ساۋاقداشلارنى بىر ئېتەكتىن ياڭاق، توققۇزدىن تۇخۇم، يەتتە ياماق، ئۇستازنى بىر ئات، دەستار، ئىراقىدىن تىكىلگەن تون، كىمسەندىن تىكىلگەن مەسە بىلەن تارتۇقلاپتۇ. شاھ بىرئاز دەرس ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى ئارامغا قويۇپ بېرىش تەكلىپىنى بېرىپ قايتىپتۇ.

ئاررۇسىنىڭ تۇنجى ئىشىكى ئېچىلغانىنى كۆرگەن بوۋى رابىيە ھەر كۈنى ئوغلى مەھمۇدنى سەھەر تۇرغۇزۇپ، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، ئۇچىسىغا شاھزادىلەرگە لايىق تون، پۇتىغا كىمسەندىن تىكىلگەن ئۆتۈك، بېشىغا لايىقىدا دەستار كىيدۈرۈپ، بېلىنى كۈمۈش ھەل بېرىلگەن بەلۋاغ بىلەن باغلاپ، يېنىغا تۆمۈرچى ئۇستىلار بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ سوققان كۈمۈش غىلاپلىق خەنجەرنى ئېسىپ، ناشتىلىق بەرگەندىن كېيىن: «ئوغلۇم، سىز بىزنىڭ ئۈمىدىمىز. ئىلىمنى مەكتەپتە ئۇستازىڭىزدىن، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى مەندىن ئۆگىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەركۈنى كۈن يورۇشتىن ئىلگىرى قوپماق، خالىي جايغا بېرىپ يەڭگىللىمەك، يۈز ـ كۆز، ئېغىز ـ بۇرۇن، قول ـ پۇت، ئولتۇرىدىغان جايلارغا قەدەر پاكىز يۇماق، ۋاقتىدا تاماق يەپ، مەكتەپكە يۈرۈشكە تەييار بولماق، ئاتا ـ ئانا، ئۇستاز ۋە چوڭلارنى كۆرگەندە ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم› دەپ سالام بەرمەك، دوستلار ۋە ساۋاقداشلارغا مېھرىبان بولۇپ، ئۇلارغا مەن شاھزادە تۇرسام دەپ ئاتىكارچىلىق قىلماسلىق، چوڭلار گەپ قىلغاندا، گېپىگە لوقما سالماسلىق، خەقنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، كىشىلەرگە دورۇس مۇئامىلە قىلىش، يامان غەرەزلىك كىشىلەر بىرنەرسە بەرسە ئالماسلىق، يامان ۋە بىھۇدە تىللارنى ئۆگەنمەسلىك قاتارلىقلار ياخشى قىلىقلاردۇر. سىز بۇ دېگەنلىرىمنى قۇلىقىڭىزدا مەھكەم تۇتۇڭ» دەپ يەلكىسىدىن قولىنى ئېلىپ، بوينىغا باشتا كالا تارغىقىدىن ياسالغان تاختا، كېيىن جىلىتىنى ئېسىپ، بەلۋېغىغا قەلەمدانىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەخسۇس تەييىنلەنگەن ئىككى ئاتلىق سەرۋازغا (ئەسكەرگە) خەلپەتىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشنى جېكىلەپ، مەكتىپىگە ئەۋەتىدىكەن.

تۇنجى يىلى تۇغما ئىستېداتلىق مەھمۇدنىڭ ساۋاتى تېزلا چىققان ۋە شۇ يىلى باھاردا ئۇ ئۇستازى يېڭى يىلنىڭ كىرگەنلىكىنى ئايان قىلىپ، قۇمۇش بىلەن لاتىغا يازغان:

«تېرەكلەر تەگگە بولۇپتۇ نەۋ باھار،
بولدى ئالەمگە پەرەھلىك سەد ھازار.
كىمكى ئەۋلادىنى مەكتەپكە بېرۇر،
ھۆر ـ غىلماندىن تاپار جەننەتتە يار»

دېگەن «نورۇزلۇق»نى بوۋىلىرى ئالدىغا كۆتۈرۈپ بارغاندا، موللامغا شاھى ئېھرام بوغرا تۆگە، سەيفىددىن ۋەلىيۇللا تۆت چىشلىق ئېرىك قوي، سۇلتان ھۇسەيىن ئۆزى مىنىدىغان بەدەخشان ئارغىمىقىنى تەقدىم قىلىشقان. مەھمۇد ئىككىنچى يىلى «مەسھەف»نى، ئۈچىنچى يىلى سان، ساناق ئىلمى «ھېساب»قا تەئەللۇق بىلىملەرنى ۋە «ھېسابى ئەبجەد»نى يادقا ئۆگىنىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ھېسابى ئەبجەد يولى بىلەن جۈملە تۈزەلەيدىغان بولغان. ئۇ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ئانىسىدىن تاماقلارنىڭ تۈرىدىن تارتىپ كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۆي ـ جاھاز ئىسىملىرى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە ياراغ ـ ئەسلىھە، يەر ـ جاي ئىسىملىرى، تاغ ـ دەريالارنىڭ قاپتال ـ قويۇلۇش ئېغىزلىرىغا قەدەر بىرنى قويماي ئۆگەنگەن.

شاھزادە مەھمۇد يەتتە ياشقا كىرگەندە، شاھ پۈتكۈل ئەل ـ يۇرتنى، چاقىرىپ خەتنە توي ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا 40 كېچە ـ كۈندۈز ئاش تارتقاندىن تاشقىرى، ئوغلاق تارتىشىش، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، دارۋازلىق، سېھرىگەرلىك، توپۇق ئويۇنى... قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئويۇشتۇرۇپ توينى قىزىتىپتۇ. مەھمۇدنىڭ زېھنى كۈندىن ـ كۈنگە ئېچىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئۇستاز تەيىنلەپتۇ. سۇلتان ھۇسەيىن ئوغلىنىڭ ھەۋەسىدىن ئارزۇسىغا يېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنى قەشقەرنىڭ شۇ چاغلاردىكى مەركىزى مەشھەدتىكى «مەدرىسەئى ساچىيە»دە ئوقۇتقان. تەھسىلى ئىلمىدىن كېيىن، مەھمۇد يۇرتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى بىرنەچچە يىل كېزىپ، ئەل ـ يۇرتنى تونۇغان، ئالدىغا ئۇچرىغاننى يازغان؛ شۇنىڭ بىلەن نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى سەۋەبى بىلەن يۇرتىدىن «مۇق» يولى ئارقىلىق چىقىپ، بۇخارا، مەرۋى، سەمەرقەند، نىشاپور، ئەڭ ئاخىردا باغدات مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان. كېيىن باغدات مەدرىسىسىدە مۇدەررىس بولغان، «كىتابۇل ـ جاۋاھىرنەھرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

پەرزەنت پىراقىدا كۆيگەن بۇۋى رابىيە خانىكەم ئوغلۇمنى كۆرىمەن، دەپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئوپالنىڭ پامىر بويلاپ ماڭىدىغان چوڭ كارۋان يولى بويىدىكى «يىكچى مەھەللىسى»گە كەلگەندە، يول ئۈستىدە ۋاپات بولغان (ھازىر مەقبەرىسى شۇ يەردە بار).

مەھمۇد بىننى ھۇسەيىن (ھەزرىتى موللام) قىرىلىق بىلەن بەدەن زەئىپلىكىگە دۈچ كەلگەندە، ئۆزى توپلىغان تۈركىي خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىچىدىكى «دېھقانىنىڭ ئوبدىنى چامغۇر تېرىيدۇ، ئادەمنىڭ ئوبدىنى ئۆز يۇرتىدا قېرىيدۇ» دېگەن ماقالنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭغا ئۆز يۇرتىغا قايتىش ئوتى تۇتاشقان. شۇ چاغلاردا «كارۋان بۈيۈك يولى» بىلەن باغداتقا بارغان قەبىلە قوشۇنىدىكىلەردىن ئوپاللىق كارۋان بېشى مالىك ۋە ئەسقەر ئىسىملىك ئىككى كىشى ئۆز ئۇستازى ۋە شاھزادىسى بولغان مەھمۇد بىننى ھۇسەيىننى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭدىن ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى سورىغاندا، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزۈش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈرگەن. كارۋانلار تۆگە چومى ئۈستىگە

شۇئىلىك (كارىۋات ئۆي) ياساپ، ئالىمنى بەزىدە ئولتۇرغۇزۇپ، بەزىدە ياتقۇزۇپ، تاغ قاپتىلى، تار ۋە قىستىلاڭ يولغا كەلگەندە ھاپاش ئېتىپ، دەۋتقە كېلىپ، گەز دەريا ساھىلىنى بويلاپ «مەشرەب داۋىنى»، ئۇلۇغئارتتىن ئېشىپ، قىرىق كېچىكتىن ئۆتۈپ، مۇق، سۇلۇ ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. ھەزرىتى موللام ئوپالغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى تاغ باغرىدىكى دەرسخانىنىڭ مېھرابىدا سەككىز يىل دەرسگۇيلۇق قىلغان. ئۇ 100 ياشقا يېقىنلاشقاندا ۋاپات بولغان.

مەن بۇلارنى «دىيارى ئىمام» تەزكىرىسىدىن ئوقۇغانىدىم. بۇ تەزكىرىدە يەنە «شاھزادە ھۈسەيىن قۇمباغ دۆڭلۈكىدە تۇرۇپ بۇۋى رابىيەنى ئۇچرىتىپ ‹ئۆيدا چولپان كۆردۈم› دېگىنى ئۈچۈن، بۇۋى رابىيەنىڭ مەھەللىسىنى كىشىلەر ‹ئۆيچولپان مەھەللىسى› دەپ ئاتايدۇ» دەپ يېزىلىپتىكەن.

4

شۇ كۈنى ھەممىمىز ھەزرىتى موللام زىيارىتىدىن قايتىپ، ساھىبخانا جالالىددىن ئاخۇن ئاكىنىڭ بېغىغا كېلىپ، كەچلىك غىزاغا داخىل بولدۇق. گەپ يەنە ھەزرىتى موللام ھەققىدە بولدى ۋە تۈن يېرىمىغىچە بۇلاق يېنىدىكى سۇپىدا چوڭلارنىڭ گېپى تۈگىمىدى. مەن كىچىك بولغىنىم ئۈچۈن ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ھەزرىتى موللام ۋاقتىدىكى ئەجدىھا ھەققىدە گەپ باشلاندى. ئۇ چاغدا بىز بىلەن بىللە كەلگەن ھۆلجىگدىلىك ساھىبخانا ھەززىكام دېگەن كىشى گەپ باشلىدى. ئۇ 85 ياشلاردا بولۇپ، ئورۇق كەلگەن ساۋاتسىز ئادەم ئىكەن. قىياسىمچە، ئۇنىڭ ھەزرىتى موللامغا بولغان ئېتىقاد ۋە ھۆرمىتى ھەممىدىن زىيادىرەك قىلاتتى. ئۇ ھەربىر سۆزىدە «جانابىي ھەزرىتى موللام» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەيتتى.

ــــ ھەزرىتى موللام ھايات ۋاقتىدا «ھەزرىتى موللام تېغى»نىڭ غارىغا بىر كېچىدە تۇيۇقسىز ناھايىتى زور بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ ئوي ۋە تەسكەي تەرەپلەردىكى باغلار، دەرەخلەر، گىياھلارنى كۆيدۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇ خەۋەر ھەزرىتى موللامغا ئاڭلىنىپتۇ. بىر كۈنى ئەجدىھا يەنە غاردىن چىقىپ ئوي تەرەپكە ماڭغانىكەن، ھەزرىتى موللام قولىدىكى 41 پۇتاقلىق ھاسىسىنى: «ھاي ـ ھاي» دەپ، «مارجان بۇلاق» بېشىدىكى دۆڭلۈككە قاداپ، بىر لەۋزى قىلغانىكەن، شۇ مەھەلنىڭ ئۆزىدىلا ھېلىقى قۇرۇق ھاسا يوپۇرماق چىقىرىپ، كاتتا بىر دەرەخ بولۇپ، ئەتراپى چاتقاللىقتا ئايلىنىپ، ئەجدىھانىڭ ھەملىسىنى توسۇپتۇ. ھەزرىتى موللامنىڭ بۇ كارامىتىگە ھەممە تەن بېرىپتۇ. ئەجدىھا قايتا ـ قايتا ئوت پۈركۈسىمۇ بۇ سېھىر قىلىنغان دەرەخ كۆيمەپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر مەھەل ئۆتكەندە، ئېچىرقاپ كەتكەن ئەجدىھا ئۆۋىسىدىن چىقىپ، يۇرتقا قاراپ ھەملە قىلىپ، بىرنەچچە ئادەم ۋە ھايۋانلارنى يۇتۇپ كېتىپتۇ. ئاخىر كىشىلەر مەسلىھەتلىشىپ، ھەر كۈنى ئەجدىھانىڭ ئۆۋىسى ئالدىغا بىر ئادەم ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئەجدىھا ئۇنى يەپلا ئۆۋىسىدىن چىقماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرى سەھەردە ھەزرىتى موللامنىڭ تالىپلىرىدىن ئاكا ـ ئۇكا ئىمام ئەكبەر بىلەن ئىمام ئەسقەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا دەرسكە كېتىۋاتقاندا، يەر ھەيدەۋاتقان بىر يىگىت بىلەن بىر مومايىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. موماي يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن يىغلىغان پېتى تاپ باستۇرۇپ كېلىدىكەن، يىگىتمۇ توختىماي يىغلايدىكەن. ئاكا ـ ئۇكا ئىماملار ئۇلاردىن: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانا ۋە يىگىت، ئەھۋالىڭلار

نېچۈك؟ نېمىشقا مۇنداق كېچىدە يەر ھەيدەيسىلەر ۋە يىغلايسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. يىگىت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «موللىلىرىم، بىزنىڭ يۇرتقا پەيدا بولغان ئەجدىھاغا ئەتە يەم بولۇش نۆۋىتى ماڭا كەلگەن. ئانامنىڭ مەندىن باشقا ھېچكىمى يوق ئىدى. ئەجدىھاغا يەم بولۇپ كەتسەم، بۇ يەر ئاق قالمىسۇن دەپ، ھەيدەۋاتىمەن. مەن ئانامغا چىدىماي، ئانام ماڭا چىدىماي يىغلاۋاتىمىز...» دەپتۇ.

ئىماملار ئۇ ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز دەپ، دەرسكە كېچىكىپرەك بېرىپتۇ. ھەزرىتى موللام سەۋەبىنى سورىغاندا، ئىماملار يولدا ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەرنى دەپ بېرىپتۇ. ھەزرىتى موللام بۇ گەپنى ئاڭلاپلا دەرسنى توختىتىپ، شاگىرتلىرى بىلەن ئەجدىھانى يوقىتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ ۋە بۇ يولدا ئۆز جېنىنى تىكىپتۇ. شاگىرتلار: «سىلى تىرىك، بىز تىرىك، سىلى بولمىسىلا بىزنى كىم ئوقۇتىدۇ، ئەجدىھانى ھەممىمىز تەڭ يوقىتىمىز» دېيىشىپ مېڭىپتۇ. ھەزرىتى موللام ئۇلارنى توختىتىپ، ئىمام ئەكبەرنىڭ ئوڭ - سول بېقىنىغا ئىككى دانە قىلىچنى قانات شەكلىدە مۇستەھكەم باغلاپتۇ، قالغان تالىپلارغا: «كۆك ئىنەك سۈتى يىغىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. تالىپلار كۆك ئىنەك سۈتى يىغىپ كېلىپ، چوڭ بىر تەڭنىگە قۇيۇپتۇ. لېكىن، «قارىۋاش» دېيىلىدىغان يۇرتتىن كەلگەن تالىپ كۆك ئىنەك سۈتى تاپالماي، ئالا ئىنەك سۈتى ئەكېلىپ تەڭنىگە قۇيۇپ، ساداقەتسىزلىك قىپتۇ.

ئەجدىھا ئۇۋىسىدىن چىقىپ، ئۇي تەرەپتىكى يۇرتقا قاراپ ھەملە قىلىپ، توگۇلۇپ ئالغا ئىنتىلىپ «مارجان بۇلاق»قا كەپتۇ. جامائەتتىن ۋە ھەزرىتى موللامدىن «ئاللا يار بولسۇن!» دەپ دۇئا ئالغان ئىمام ئەكبەر ئەجدىھانىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا روبىرو تۇرۇپتۇ. ئەجدىھا توگۇلۇپ تۇرۇپ «ھوپ...» دەپ ئىمام ئەكبەرنى دەم تارتقانىكەن، ئۇ «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ ئەجدىھانىڭ قارنىغا ئېتىلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئىمام ئەكبەرنىڭ ئىككى بېقىنىغا باغلانغان بىر جۈپ قىلىچ ئەجدىھانى جاۋغىيىدىن باشلاپ، قۇيرۇقىغىچە تەڭمۇتەڭ ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. ئىمام ئەكبەر ئەجدىھانىڭ ئىچىدىن قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا چىقىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. تالىپلار ئۇنى كۆتۈرگىنىچە ئەكېلىپ، تەڭنىدىكى سۈتكە سېلىپ يۇيۇپتۇ. ئەمما، سۈتكە ئالا ئىنەك سۈتى ئارىلىشىپ قالغاچقا، ئەجدىھانىڭ ئىچىدە زەھەرلەنگەن ئىمام ئەكبەر زەھەر قايتماي، ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋاپات بوپتۇ. ھەزرىتى موللام ئىستىبداتلىق ۋارىسىم بولۇپ قالدۇ، دەپ قارىغان شاگىرتى ئىمام ئەكبەر ئۈچۈن قان يىغلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەل - جامائەت جۇۋا - تەلپەكلىرىنى تەتۈر كىيىپ، كۆك تاياقتىن ھاسا تۇتۇپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز ھازا ئېچىپ يىغلاپتۇ.

تۆۋەندە ئېقىۋاتقان ئەزەلدىن قوشۇلمايدىغان «قاراجىلغا» سۈيى بىلەن «قىزىل جىلغا» سۈيىمۇ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، مەۋج ئۇرۇپ، قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، ئىمام ئەكبەرگە ئۆلۈمگە ماتەم بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن ھەزرىتى موللام كىشىلەرگە: «بۇنىڭدىن كېيىن ئىمام ئەكبەرنىڭ ئىسمىنى ‹ئىمام ئەجدەر› دەپ ئاتاڭلار. چۈنكى، بۇ زات ئەل - يۇرتنى ئەجدىھادىن قۇتۇلدۇردى» دەپتۇ. خالايىق شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمام ئەكبەرنى «ئىمام ئەجدەر» دەپ ئاتاپ دۇئا قىلىدىغان بوپتۇ.

(ئاپتور قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ پېنسىيونېرى)

Uyghurkitap.com






بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى «بۇلان» دەيدىغان ناھايىتى ئاۋات بىر شەھەر بولغانىكەن. خەلقى ئۆم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا تۇرقان ئىسىملىك ئاق كۆڭۈل بىر پادىچى يىگىت ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن باتۇر، كۈچلۈك ئىكەن. دېمەتلىكلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك ھېچكىم يوق ئىكەن. تۇرقان ئوقيا ئېتىشقا، سالما تاشلاشقا قابىل، ئات چاپتۇرۇشقا كامىل، پەم ـ پاراسەتلىك ئىكەن. ئۇ بالاغەتكە يەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى دائىم پادا باقىدىغان يايلاقتىكى بۇلاقنىڭ بويىدا ئۆسكەن چىنار تۈۋىدە ئارام ئېلىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئاق كەپتەر كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندا توساتتىن بوران چىقىپ، بوران ئىچىدىن غايەت زور بىر قارا قۇش ئۇچۇپ چىقىپ، ئاق كەپتەرگە ھۇجۇم قىپتۇ. شۇئان دەھشەتلىك چاقماق چېقىلىپ، ئاق كەپتەر يەرگە چۈشۈپ كېتىپ ئېچىنىشلىق نالە قىپتۇ. قارا قۇش كۆزدىن غايىب بوپتۇ. تۇرقان چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىپ ئەتراپقا قارىغانىكەن، بۇلاق بويىدا سولىشىپ قالغان بىر تال گۈل تۇرۇپتۇ. تۇرقان گۈلنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ قويۇپ، كېتىپ قاپتۇ. ئۇ كەچتە ئۆيىگە بارغاندا كۆرگەن چۈشىنى ئانىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇيۇ، بۇلاق بويىدا گۈل پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئانىسى ئوغلىنىڭ كۆرگەن چۈشىگە قانداق تەبىر بېرىشنى بىلەلمەپتۇ. شۇ كېچىسى ئۇمۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە تۇرقان يايلاقتا پادا بېقىۋېتىپ چىرايلىق بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە قىزغا قاراپ قويۇپ، ئۇنى بۇلاققا ئىتتىرىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ. قىز ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇلاقتىن چىقالماپتۇ. ئاخىر ئۆزىگە يالۋۇرۇپ:

— ئانا، ئوغۇللىرى مېنى بۇلاققا تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالدى، مېنى بۇ بۇلاقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالمىسىلا تونجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىمەن، — دەپ ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئانا

* جوجەم — ئۇجمە.

قىزنى بۇلاقتىن تارتىپ چىقارماقچى بولۇپ قولىنى سوزغانىكەن، قىزنىڭ قولىنى تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمۇ بۇلاققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۆز چۈشىدىن قورقۇپ كەتكەن ئانا، دەرھال ئوغلىنى ئويغىتىپ:

— ئوغلۇم، سەن بۈگۈن بۇلاققا قايسى قىزنى تاشلىۋېتىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

تۇرقان نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي:

— ئاپا، مەن پادا باقىدىغان يايلاقتا قىز نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئەگەر قىز بالا بولغان بولسا بۇلاققا تاشلىۋەتمەي، ئۆيگە ئەكېلىپ سىزگە ھەمراھ قىلىپ بېرەتتىم، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ.

ئانا كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇندىلا تۇرقان بۇلاققا چىلاپ قويغان ھېلىقى گۈلنى يادىغا ئېلىپ:

— مەن ئۇيقۇدىن ئويغانسام، بۇلاق بويىدا بىر تال گۈل تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قۇرۇپ قالمىسۇن دەپ بۇلاق سۈيىگە چىلاپ قويۇپ قايتىپ كەلگەنىدىم، — دەپتۇ. ئانا شۇئان:

— ئوغلۇم، تېز بېرىپ ئاشۇ گۈلنى ئەكەل، — دەپتۇ.

تۇرقان دەرھال بۇلاق بويىغا بېرىپ، ھېلىقى گۈلنى ئەكېلىپ ئۆيگە كىرىشىگە، گۈل يۇلتۇزدەك چاقناپ ئۆي ئىچىنى يورۇتىۋېتىپتۇ. ئانا ـ بالا بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، داڭقېتىپ تۇرسا گۈل زۇۋانغا كېلىپ:

— ئانا، بېشىمنى ئۆز قىزىڭىزنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك مېھرىڭىز بىلەن سىلاڭ، — دەپتۇ.

ئانا ـ بالا گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، خۇدنى يوقىتايلا دەپ قاپتۇ. گۈل يەنە:

— ئانا، قورقماڭ، بېشىمنى ئۆز قىزىڭىزنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك مېھرىڭىز بىلەن سىلىسىڭىز، مەن ئەسلىمگە كېلىمەن، — دەپتۇ.

ئانا گۈلنى قولىغا ئېلىپ ئاستا ـ ئاستا سىلىغانىكەن، گۈلدىن نۇر تاراپ، ئاستا ـ ئاستا يوغىناپ چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنكى، ھۆسن ـ جامالىدىن ئايمۇ خىجىل بولىدىكەن. قىز تۇرقاننىڭ ئانىسىغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ:

— ئانا، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقلىرى ئۈچۈن، سىلىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، خالىسىلا، بۇ يەردە قېلىپ بىر ئۆمۈر خىزمەتلىرىنى قىلاي، بۇ مېنىڭ شەپقەتلىرىگە قايتۇرغان جاۋابىم بولسۇن، — دەپتۇ. ئانا قىزنى باغرىغا بېسىپ:

— قىزىم، بۇ نېمە ئىش؟ سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— ئىسمىم ئايپەرى، كۆھىقاپتىكى ئاق دىۋنىڭ قىزىمەن. ئۇ يەردە ھەر زامان يامانلىقنى ئويلايدىغان بىر قارا دىۋە بار. ئۇنىڭ ئوغلى ماڭا ئاشىق. قارا دىۋە ئوغلى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىغا ئەلچى بولۇپ كەپتۇ. ئاتا ـ ئانام ئۇلارنىڭ قارا نىيەت ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، تەلىپىنى رەت قىپتۇ. مەنمۇ قوشۇلمىدىم. شۇڭا، قارا دىۋە غەزەپلىنىپ، ئاتا ـ ئانام بىلەن ئۇرۇشۇپ، مېنى بۇلاپ كەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئارىدىكى زىددىيەت كۈچەيدى. قارا دىۋە سېھىر ـ جادۇسىغا تايىنىپ بىزگە تۈرلۈك زورلۇق ـ زومبۇلۇقلارنى سالدى. ئاتا ـ ئانام ئاخىر چىدىماي: «قىزىم، بىز قارا دىۋگە تەڭ كېلەلمىگۈدەكمىز، بىز سىزنىڭ قاراپ تۇرۇپ قارا دىۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىڭىزنى خالىمايمىز.

شۇڭا، بۇ يەردىن كېتىلىك، بىز قارا دېۋىنى توسۇپ تۇرايلى» دېدى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ سۆزى بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىمدىن ئايرىلىپ، بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان تەرەپكە قاچتىم. يەتتە كۈن يول يۈرگەندە قارا دېۋىنىڭ ئوغلى كەينىمدىن قوغلاپ كەلدى. مەن ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ قاچتىم. ئۇ قارا قۇش بولۇپ قوغلىدى. ئۇ مېنى تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغاندا، دەھشەتلىك بىر چاقماق چېقىلدى. ئەسلىدە ئاتا ـ ئانام مېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قارا دېۋىنى چاقماققا سوقتۇرغانىكەن. مەن چاقماقنىڭ زەربىسىدە يارىلىنىپ، يەرگە چۈشۈپ گۈلگە ئايلىنىپ قالدىم، قارا قۇش مېنى تاپالماي قايتىپ كەتتى. قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ چۈشلىرىدە ئايان بولدى، — دەپتۇ.

ھەممە ئىش ئايدىڭ بوپتۇ. ئانا ئايپەرىنى قايتىدىن باغرىغا بېسىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئايپەرى ئۇلار بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى تۇرقاننىڭ كۆڭلى ئايپەرىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئايپەرىمۇ تۇرقاننى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ئانا ئوغلى بىلەن ئايپەرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاشىق ـ بىقارار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ، ئوغلى ئۈچۈن ئايپەرىگە ئەلچى بوپتۇ. ئايپەرى تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ. ئانا توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار بىر قىز پەرزەنتلىك بوپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ئالەمچە شادلىققا چۆمۈپ، قىزنىغا نۇرپەرى دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. نۇرپەرى تۇغۇلۇشىغا ئۆيدىكى مۈشۈكمۇ ئاسلانلاپتۇ، مېكىيان بېسىپ ياتقان تۇخۇملاردىن چۈجە چىقىپتۇ. ئۇلار بۇ ئۈچ ئىشنىڭ تەڭ كەلگەنلىكىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ. بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار، دەپ نۇرپەرىگە ئاتاپ بىر جۈپ چۈجە ۋە بىر ئاسلان بېقىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە، ئايپەرى بۇدرۇققىنە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشۇپ، ئوغلىغا نۇرزات دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. تۇرقان ئۇنىڭغا ئاتاپ تاي ۋە ئىت بېقىپتۇ. تۇرقاننىڭ ئانىسى نۇرزاتنىڭ قىرىقى توشقاندا، كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. تۇرقان ئانىسىنى ھەرقانچە داۋالاتقان بولسىمۇ، كېسىلى ياخشىلانماپتۇ. بىر كۈنى ئانا تۇرقاننى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، مېنىڭ ۋاقىت ـ سائىتىم توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ. كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى ئاتاڭدىن ساڭا قالغان ئامانەتنى تاپشۇرۇپ بېرەي، بۇ ئامانەت ئاتاڭغا بوۋاڭدىن، بوۋاڭغا بوۋىسىدىن قالغانىكەن. بوۋاڭنىڭ بوۋىسى بۇ ئامانەتنى ئۆز ئوغلىغا قالدۇرغۇچە: «مېنىڭ ئەۋلادلىرىمدىن بىرەيلەن پەرى بىلەن توي قىلىدۇ. بۇ ئامانەتنى شۇ ئوغلۇمغا يەتكۈزۈپ بېرەلىسەڭلار، ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن باللىرى بەختىنى تاپىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ ئوغلۇم توي قىلغان قىزنىڭ دۈشمىنىنى مەن قالدۇرغان بۇ ئامانەتتىن قورال ياساپ ئاتسا، ئۇ سۆزسىز ھالاك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق قورال ئۇنىڭغا كار قىلمايدۇ. بۇ ئامانەت ئاشۇ ئوغلۇمغا يەتكۈزۈپ بېرىلمىسە، ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولىدۇ. بۇ (جەۋھەرجەم (ئۈجمە)نىڭ ئۇرۇقى. بۇنى ئاشۇ ئوغلۇمنىڭ رەپىقىسى ئۆز قولى بىلەن تېرىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك) دەپ نەسىھەت قىلغانىكەن. بولۇۋاتقان ئىشلاردىن قارىغاندا، ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ دېگىنى سەن ئوخشايسەن. سەن بۇ ئامانەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بوۋاڭنىڭ نەسىھىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن، — دەپ ئۆز يېنىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر بولاقنى تۇرقانغا بېرىپتۇ. تۇرقان ئانىسى بەرگەن تۈگۈچنى قولىغا ئالغانىكەن، شۇ زامان دىمىغىغا بىرخىل ئاجايىپ خۇش پۇراق ئۇرۇلۇپ، پۈتۈن جىسمى

لەرزىگە كەپتۇ. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق خۇش پۇراقنى پۇراپ باقمىغانىكەن. تۇرقان ئۇ پۇراقتىن مەستخۇش بولۇپ تۇرغاندا ئانىسى:

— ئوغلۇم، ئاتا - بوۋاڭنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ قالماسلىققا ۋەدە بەرگىن، — دەپتۇ. تۇرقان ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئانا، خاتىرجەم بولغىن، مەن چوقۇم ئاتا - بوۋامنىڭ نەسىھەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. ئانىسى خاتىرجەم هالدا كۆز يۇمۇپتۇ. ئۇلار ئانىسىنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىپ، نەزىر بېرىپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايپەرىنىڭ قەلبىدە بالىلىرىغا ئاتاپ باغ بەرپا قىلىش ئىستىكى پەيدا بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا كۆچەت تىكىپتۇ. ئۇ يەرنى «ئۆسكىلەڭ» دەپ ئاتاپتۇ. تۇرقان بۇ ئىشتىن تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، «جەۋھەرجەم» (جۆجەم)نىڭ ئۇرۇقىنى ئۇنىڭغا بېرىپ:

— ئانام كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئاتا - بوۋىمىزدىن مىراس قالغان بۇ جەۋھەرجەمنىڭ ئۇرۇقىنى ماڭا تاپشۇرۇپ، بۇنى سىزنىڭ ئۆز قولىڭىز بىلەن تېرىشىڭىزنى ئېيتقان. شۇڭا بۇنى ئۆز قولىڭىز بىلەن تېرىڭ، — دەپتۇ.

ئايپەرى تۇرقاننىڭ تەلىپى بىلەن ئۆسكىلەڭگە جەۋھەرجەمنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرقاننىڭ ئۆيىگە ئاۋارىچىلىك كېلىشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تۇرقاننىڭ ئانىسى ئېيتقاندەك، جەۋھەرجەمنىڭ شېخىدىن ياسالغان ئوقيا بىلەن كۆھقاپتىكى هېلىقى قارا دىۋىنىڭ كۆكسىگە ئاتسا، ئۇ شۇ هامان جېنىدىن جۇدا بولىدىكەن. جەۋھەرجەمنىڭ ياغىچىدىن باشقا هەرقانداق نەرسىدىن ياسالغان ئوق ئۇنىڭ هاياتىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىكەن. شۇڭا، بۇ دىۋە توختىماستىن ئورمانلارنى، باغلارنى ئارىلاپ، قەيەردە جەۋھەرجەم دەرىخىنى كۆرسە، ئۇنى قۇرۇتۇۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىكەن. ئەگەر ئۆستۈرگەن ئادەمنى ئۇچرىسا، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماي قويمايدىكەن. تۇرقان بىلەن ئايپەرى بۇنىڭدىن بىخەۋەر هالدا كۆچەتنى ۋاقتىدا سۇغىرىپ، ئوغۇتلاپ، ئەتراپىنى يۇمشىتىپتۇ.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، جەۋھەرجەم كۆچەتلىرى خېلىلا يوغىناپتۇ. بىر كۈنى ئايپەرى بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆسكىلەڭدىكى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياهلارنى تاماشا قىلىپ يۈرسە، ئاسماندا ئەتراپىنى كۆزىتىپ يۈرگەن قارا دىۋە جەۋھەرجەمنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۆسكىلەڭگە قاراپ شىددەت بىلەن شۇڭغۇپتۇ. بۇ چاغدا ئايپەرى بالىلىرىغا جەۋھەرجەم كۆچەتلىرىنى كۆرسىتىپ:

— كېلەر يىلى جەۋھەرجەملەر پىشقان چاغدا... — دېيىشىگە ئاسماندىن چۈشكەن دىۋە ئايپەرىنى تۇتۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. نېمە بولغانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمىغان بالىلار:

— ئانا، ئانا! — دېگىنىچە داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئىت هاۋشىپتۇ، مۈشۈك مىياڭلاپتۇ، تاي كىشنەپتۇ، خوراز ئاسمانغا قاراپ ئۈچۈپتۇ.

بالىلارنىڭ يىغىسى پەسەيمەپتۇ. تاي چۇلۋۇرنى ئۈزۈپ تۇرقاننى ئىزدەپ كېتىپتۇ. ئىتمۇ تاينىڭ كەينىدىن كېتىپتۇ. مۈشۈك بالىلارنىڭ ئەتراپىدا مىياڭلاپ ئۇلارنى بەزلەپتۇ. بىر هازا ئۆتكەندىن

كېيىن، تۇرقان قايتىپ كەپتۇ. ئۇ باللىرىنى بەزلەپ يىغىدىن توختاتقاندىن كېيىن، بولغان ئەھۋالنى سوراپتۇ. ئۇنىڭ ئوماق قىزى:

— ئاپام «جەۋھەرجەم پىشقان چاغدا...» دېۋىدى، بىر قارا نەرسە ئاپامنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، — دەپتۇ.

تۇرقان قىزىنىڭ سۆزىدىن ئانىسى ئېيتقان قارا دېۋىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن جەۋھەرجەم كۆچەتلىرىنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلماسقا قەسەم قىپتۇ. ئۇ شۇنداق قىلسام، ئايپەرىنى قارا دېۋىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرالايمەن دەپ ئويلايدىكەن. ئەتىسى ئۇ جەۋھەرجەمنىڭ يېنىدا تۇرسا خوراز ئۇچۇپ كېلىپ ئۆينىڭ تېمىغا قونۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم چىللاپتۇ، ئىت ھاۋشىپتۇ، تاي كىشنەپتۇ، مۈشۈك مياڭلاپتۇ. تۇرقان ئايپالتىنى راسلاپ تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا قارا دېۋە شىددەت بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ، بىر تال جەۋھەرجەم كۆچىتىنى يۇلۇپتۇ. تۇرقان پالتا بىلەن دېۋىنى غەزەپ بىلەن چېپىپتۇ. لېكىن پالتىنىڭ بىسى سۇنۇپ كېتىپتۇ، دېۋە ھېچنېمە بولماپتۇ. تۇرقان ئاخىر پالتىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېۋە يۇلۇپ تاشلىغان جەۋھەرجەم كۆچىتىنى ئېلىپ قارا دېۋىنى ئۇرغانىكەن، ئۇ بەدەر قېچىپتۇ. تۇرقان قوغلاپتۇ. قارا دېۋە ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پادىچى يىگىت ئايالىنىڭ «جەۋھەرجەم پىشقان چاغدا...» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپتۇ ۋە يۇلۇپ تاشلانغان كۆچەتكە قاراپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى يەنە خوراز چىللاپتۇ، تاي كىشنەپتۇ، ئىت ھاۋشىپتۇ، مۈشۈك مياڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرقان ھېلىقى كۆچەتنى قولىغا ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ دېۋە كەلگەن ھامان جەۋھەرجەم كۆچىتى بىلەن تازا كېلىشتۈرۈپ ئۇرغانىكەن، ئۇ ئىككى دومىلاپلا غايىب بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرقان قارا دېۋىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، جەۋھەرجەم كۆچىتىدىن قورقىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ ھەمدە ئانىسىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئوقىيا ياسىماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئوقيانى قانداق ياساشنى بىلمەپتۇ. دېۋە بىرنەچچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، تۇرقاننىڭ قولىدىكى جەۋھەرجەم كۆچىتىنى كۆرۈپ قايتىپ كېتىپتۇ. تۇرقاننىڭ جەۋھەرجەمگە بولغان ئىخلاسى كۈچىيىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئاسراپ ئۆستۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. جەۋھەرجەم كۆچەتلىرى يوغىناپتۇ. نورپەرى يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ ئۆسكىلەڭگە كىرىپ جەۋھەرجەمنىڭ يېڭى نوتىلىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپتۇ ۋە ئۇنى قۇچاقلاپتۇ. شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ «جەۋھەرجەم پىشقان چاغدا...» دېگەن سۆزى يادىغا يېتىپ، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چىقىپ جەۋھەرجەمنىڭ غولىغا تامچىلاپتۇ. شۇ چاغدا خوراز چىللاپتۇ، تاي كىشنەپتۇ، ئىت ھاۋشىپتۇ، مۈشۈك مياڭلاپتۇ. تۇرقان قولىغا جەۋھەرجەمنىڭ شېخىدىن ياسىغان توقمىقىنى ئېلىپ، تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ قېتىم قارا دېۋە ئۇلارغا يېقىنلاشماي، قوم، شېغىل، تويىلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، جەۋھەرجەم دەرەخلىرىنى كۆمۈشكە باشلاپتۇ. تۇرقان دەرغەزەپكە كېلىپ، دېۋىنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ قوغلاپتۇ. دېۋە كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار قوم، شېغىللارنى تازىلاپ، جەۋھەرجەمنى زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلاپ قاپتۇ.

ئىككىنچى يىلى نورپەرى ئۆسكىلەڭگە كىرىپ، جەۋھەرجەمنىڭ شاخلىرىدا بارماقچىلىك ئاپئاق

نەرسىلەرنىڭ تۈرگانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قاپتۇ. ئۇ ئۆكسى نۇرزاتنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ھېلىقى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپتۇ. نۇرزات جەۋھەرجەمگە چىقىپ، ئۇ نەرسىلەرنى قولىغا ئېلىپ تارتقانىكەن، ئۇلاردىن سۆزۈك، ئىنچىكە يىپلار سوزۇلۇپ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئىككى بالا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. ئۇ ئەسلىدە نۇرپەرىنىڭ كۆزىدىن ئاققان ھېلىقى ئىككى تامچە ياشتىن ھاسىل بولغان پىلە قۇرتلىرى ئىكەن. بۇ قۇرتلار جەۋھەرجەم يوپۇرماقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىپ غوزەك تۇتقانىكەن. باللار كۆرگەن يىپ ئەنە شۇ پىلە غوزەكلىرىنىڭ شايىلىرى ئىكەن. بىر ئازدىن كېيىن نۇرپەرىنىڭ كۆڭلىدە بۇ يىپلاردىن بىرنەرسە توقۇش خىيالى پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئۆكسىغا بارلىق پىلە غوزەكلىرىنى ئالدۇرۇپ، يىپلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، ئالىقانچىلىك رەخت توقۇپتۇ. بۇ ئىش ئۆكسىغىمۇ يېقىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر پارچە گىلەم توقۇپ چىقىپتۇ. بۇ كۈنلەردە تۇرقان جەۋھەرجەمدىن قانداق قىلىپ ئوقيا ياساشنى ئويلاپ يۈرگەنىكەن. ئۇ باللىرى گىلەمنى توقۇپ پۈتتۈرگەن كۈنى كېچىسى بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە چەكسىز كەتكەن يايلاقتا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ يىراقتىن ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاينى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئاپتۇ ـ يۇ، لېكىن ئانچە پەرۋا قىلماپتۇ. تۇرقان بوۋايدىن:

— بوۋا، سىلى كىم بولىلا؟ بۇ يايلاقتا يالغۇز نېمە قىلىۋاتىدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ:

— مەن سېنىڭ بوۋاڭ، بۇ يەردە سېنى ساقلىغاچ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرىمەن، — دەپتۇ. تۇرقان يەنە:

— بوۋا، ئوۋنى نېمە بىلەن ئوۋلايلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي قولىدىكى ئوقيانى كۆرسىتىپ:

— ئوغلۇم، ئوۋنى مۇشۇ ئوقيا بىلەن ئوۋلايمەن، — دەپتۇ. تۇرقان بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— بوۋا، مەن ئوقيا ياساشنى بىلەلمەي يۈرگەنىدىم، ماڭا ئوقيا ياساشنى ئۆگىتىپ قويسىلا، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. بوۋاي قولىدىكى ئوقيانى تۇرقانغا كۆرسىتىپ:

— سەن ئۆزۈڭ ئۆستۈرگەن جەۋھەرجەمدىن مۇشۇنداق ئوقيا ياسىساڭ، دۈشمىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، سۆيۈملۈك ئايالىڭنى قۇتقۇزالايسەن، — دەپتۇ. تۇرقان يەنە:

— بوۋا، ئاشۇ ئوقيانى ماڭا بەرسىلە بولمامدۇ؟ — دەپ قول سۇنۇپتۇ. بوۋاي:

— ئەي ئوغلۇم، پەقەت ئۆز ئەجرىڭ بىلەنلا ھەقىقىي بەختىڭنى تاپالايسەن، ئوقيانى ئۆزۈڭ ياسا! — دەپ كېتىپ قاپتۇ. تۇرقان:

— بوۋا، توختىسىلا، — دەپ توۋلاپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

تۇرقان كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەپتۇ ۋە ئوقيانى قانداق ياساشنى بىلىۋاپتۇ. تۇرقان ئوقيا ياساشقا ئالدىراپ تاڭ سەھەردىلا ئۆسكىلەڭگە چىقىپتۇ. جەۋھەرجەمنىڭ مەزمۇت شېخىدىن بىر تال كېسىپ، بوۋىسىنىڭ ئوقياسىغا ئوخشىتىپ بىر ئوقيا ياساپتۇ.

چۈش بولغاندا توخۇ چىللاپتۇ، ئات كىشنەپتۇ، ئىت ھاۋشىپتۇ، مۈشۈك مىياڭلاپتۇ. تۇرقان ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ قېتىم دىۋە يەرگە چۈشمەي، مۇئەللەقتە تۇرۇپلا ئاغزىدىن ئوت ئۈچقۇنلىرىنى چاچرىتىشقا باشلاپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن تۇرقان

ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ، دىۋىگە قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. گەرچە بۇ ئوق قارا دىۋىنىڭ كۆكسىگە تەگمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى قاتتىق يارىلاندۇرۇپتۇ. قارا دىۋە يەنە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شۇ چاغدا نۇرپەرى بىلەن نۇرزات ۋە ئۇلارنىڭ ئىتى بىلەن مۇشۇكى ھېلىقى گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن، ئۇ ئاستا - ئاستا كۆككە كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. تۇرقان بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ئات كىشنىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. تۇرقان ئاتنى مىنىشىگە ئاتمۇ ئۇچۇپتۇ. ئۇلارغا ئەگىشىپ خورازمۇ ئۇچۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كۆھقاپقا بېرىپتۇ. تۇرقان قارا دىۋىنىڭ ئېگىزغىنىچە دەرۋازا تۈۋىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. دىۋە تۇرقاننى كۆرۈپ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپتۇ. لېكىن ئوت تۇرقاننىڭ يېنىغا يېتىپ بارماپتۇ. تۇرقان يېنىدىن ئوقياسىنى ئېلىپ، دىۋىنىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق دەل جايىغا تېگىپتۇ. شۇ ھامان ئاسمان دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا جاھان يورۇپ، تۇرقان دىۋىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، دىۋە ماكانى دەرۋازىسىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار دىۋە ماكانىغا كىرىپ، نۇرغۇن جايلارنى ئاختۇرۇپ، ئاخىر بىر غاردىن قەپەسكە سولانغان ئايپەرىنى تېپىپتۇ. تۇرقان ئايپەرىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قارا دىۋىنىڭ بويندىكى ئاچقۇچلارنى ئېلىپ كېلىپ، قارا دىۋە تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ۋە ئايالنى قۇتقۇزۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۇرقان بىلەن ئايپەرى تۇلپارغا مىنىپ، بالىلىرى ئۆزلىرى توقۇغان ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇپ ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇ يىلى دېگەندەك جەۋھەرجەم مېۋە بېرىپتۇ. تۇرقان، ئايپەرى، نۇرپەرى ۋە ئوغلى نۇرزاتلار شېرىن تەملىك جەۋھەرجەمنى لەززەتلىنىپ يەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ماكاندا جەۋھەرجەم كۆپلەپ ئۆستۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. كېيىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ قوۋزىقىدىن قەغەز كەشىپ قىپتۇ، يوپۇرمىقىدا پىلە قۇرتلىرىنى بېقىپ كىمخاب، تاۋار - دۇردۇنلارنى توقۇيدىغان بوپتۇ، غوللىرىدىن ھەر خىل چالغۇ - ئەسۋابلارنى ياساپتۇ، شاخلىرىدىن كەتمەنگە دەستە، يا ئوقلىرىنى ياساپتۇ. تۇرپان خەلقى كارىزلارنىڭ قىنىغا ئۇنى ئىشلىتىدىغان، بالىلىرىغا كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن بۆشۈكلەرنىڭ كەرگىلىرىنىمۇ جەۋھەرجەم ياغىچىدىن ياسايدىغان بوپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىرمۇ پىچان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇقتا خوراز چىللىغان، تۇلپار كىشنىگەن، ئىت ھاۋشىغان، مۈشۈك مياڭلىغان ئاۋازلار ۋە بىر جۈپ يىگىت - قىزنىڭ راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ياڭراق ناخشا ساداسى ئاڭلىنىپ تۇرغۇدەك.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا جەۋھەرجەم دېگەن بۇ نام ئۆزگىرىپ جوجەم، يەنى ئۈجمە بولۇپ قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: پىچان ناھىيە بازىرىدىن توختى تەنەك
(رەتلىگۈچى تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدا)



# پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى

(چۆچەك)

رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ناھايىتى گۈزەل بىر شەھەردە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلى راشىدىن يىگىرمە تۆت ياشقا، ئۇنىڭ كىچىكى ئەرشىدىن يىگىرمە ئىككى ياشقا، ئۈچىنچى ئوغۇل شەمشىدىن يىگىرمە ياشقا، كىچىك ئوغلى پەخرىدىن ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى ئىلىم ئۆگىنىشتە ئۇستازلىرىنى رازى قىلىشىپتۇ. راشىدىن ئەلەمدە، ئەرشىدىن قەلەمدە، شەمشىدىن سەنئەت كەسپلىرىدە، پەخرىدىن لەخمە كولاشتا كامالەتكە يېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ تۆت ئوغلىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇستازلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ كېڭەش قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي ئوغۇللىرىم، مەندىن كېيىن قالساڭلار، كۈنلىرىڭلارنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم ئۆتۈشى ئۈچۈن، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈڭلار. «كەڭ تون يىرتىلماس، كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن گەپ بار. ھەرقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىساڭلار، مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىڭلار. ئۆزۈڭلارنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن جاھان كەزمىسەڭلار بولمايدۇ، شۇڭا

ئەتىلا يولغا چىقىڭلار، — دەپتۇ. ئۇستازلارمۇ بۇ تۆت شاھزادىگە يالغانچىلىقتىن، نەپسۇۋازلىقتىن، ئىسراپچىلىقتىن، كىشىلەرنى رەنجىتىشتىن ساقلىنىش، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىپتۇ. شاھزادىلەر ئەتىسى يول تەييارلىقلىرىنى ھازىرلاپ، ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇستازلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن بىر كاتتا شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىر سارايغا ئورۇنلىشىپ بىر - ئىككى ھەپتە دەم ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقىرىپتۇ. سارايۋەن ئۇلارغا بۇ شەھەرنىڭ تۈزۈلۈشى، كوچا - رەستىلىرى، ئىقلىمى ۋە پادىشاھنىڭ قانۇن - نىزاملىرى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپتۇ. شۇ قاتاردا شاھ قىزىنىڭ «ئەرلەر ۋاپاسىز» دەپ نى - نى شاھلارنىڭ، شاھزادىلەرنىڭ توي قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بېرىپتۇ. سارايۋەننىڭ مەسلىھەتى بويىچە شاھزادىلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا سالامغا بارماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەمشىدىن پادىشاھقا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن بىر گۈلدەستە ياساپتۇ. بۇ گۈللەر بىر قارىسا قىزىل، بىر قارىسا كۆك، يەنە بىر قارىسا ئاق كۆرۈنىدىكەن. ئوغۇللار گۈلنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئېسىل سوۋغاتتىن سۆيۈنۈپ خۇشاللىقىنى باسالماي قاپتۇ ھەمدە ئوغۇللارنىڭ ماھارىتىنى سۆزلەپ بېرىشنى سوراپتۇ. كېلىشىۋالغىنى بويىچە كەنجى ئوغۇلدىن باشقىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار شاھنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بولۇشقاندىن كېيىن، تەشەككۈر ئېيتىشىپ سارايغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار قانداق قىلىپ مەلىكىنى راشىدىنغا ئېلىپ بېرىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. بىر كۈنى شەمشىدىن بۆرۈنقىسىغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ بىر گۈلدەستە ياساپتۇ. بۇ گۈلدەستىگە بىر قارىسا ياپيېشىل ياپراقلار ئوراپ تۇرغان چوغدەك قىزىلگۈل، يەنە بىر قارىسا راشىدىننىڭ نۇرلۇق چىرايى كۆرۈنىدىكەن. راشىدىن بۇ گۈلنى مەلىكىگە ئەرشىدىن يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسا دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ. ئەرشىدىن بۇ تەلەپنى قىزغىن قوبۇل قىپتۇ. ئەرشىدىننىڭ بۇ ئىشنى تېز ئادا قىلىشى ئۈچۈن پەخرىدىن ئازلا ۋاقىت ئىچىدە سارايىنىڭ تېگىدىن مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا تۇتىشىدىغان بىر لەخمە كولاپتۇ. ئەرشىدىن مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا بارسا، ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئەرشىدىن گۈلدەستىنى مەلىكىنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. گۈلدەستىنىڭ خۇشبۇي ھىدى مەلىكىنىڭ سەزگۈسىنى غىدىقلاپ ئۇيقۇدىن ئويغىتىپتۇ. مەلىكە گۈلدەستىگە قاراپ خۇددى قۇياشتەك ئىللىق چىراي راشىدىننى كۆرۈپتۇ - دە، جاھاندا مۇشۇنداق خۇشخۇي يىگىتنىڭ بارلىقىغا ھەيران قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مەلىكىنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپتۇ. كۈن بويى گۈلگە قاراپلا ئولتۇرىدىغان، ئەتىگەنلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

شەمشىدىن بۆرۈنقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ يەنە بىر گۈلدەستە ياساپتۇ. بۇ گۈلدەستە بىر قارىسا بىنەپشە رەڭ، بىر قارىسا مايسا رەڭ، يەنە بىر قارىسا ئالتۇن رەڭ كۆرۈنگەندىن باشقا،

ھەربىر تال ياپرىقىدىن:

«قىزىلگۈلنىڭ چىقلىقىدىن
باغنىڭ ئىچى قىزىللىق.
گۈلجامالنىڭ ئالدىدا
باغ ھېس قىپتۇ خىجىللىق»

دېگەنگە ئوخشاش تەسىرلىك قوشاقلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ئۆكىلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بۇ گۈلدەستىنى مەلىكىگە راشىدىن ئۆز قولى بىلەن بېرىدىغان بوپتۇ. راشىدىن مەلىكىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇ ھېلىقى گۈلدەستىگە قاراپ ئولتۇرغانىكەن. مەلىكە راشىدىننى بىر كۆرۈپلا تونۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى گۈلدەستىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. مەلىكە بۇ گۈلدەستىدىن ئاڭلانغان قوشاقلارنى ئاڭلاپ:

«سەندىن ماڭا تۇتاشتى
چىن سۆيگۈنىڭ يالقۇنى.
تومۇرۇمدا ئاققىنى
مېھىر - ۋاپا كەلكۈنى»

دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ، ئاندىن: «ئەتە ئەتىگەنلىك سالامدىن كېيىن، سىز كەلگەن لەخمە بىلەن يېنىڭىزغا چوقۇم بارىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپ راشىدىننى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

مەلىكە ئەتىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ سارايغا كەپتۇ ۋە راشىدىن ھەم ئۇنىڭ ئۆكىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، ئاش - تامىقىنى ئېتىپ بېرىپتۇ. دادىسىنىڭ قىرىق خوتۇن ئالغىنىغا قاراپ: «ئەرلەر ۋاپاسىز كېلىدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان مەلىكە راشىدىنغا قاراپ، ئۆز خىيالىنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىپتۇ.

بىر كۈنى تۆت ئوغۇل پادىشاھنى ئۆز ھۇزۇرىغا چايغا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ سارايغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مەلىكە كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، سارايغا لەخمە ئارقىلىق دادىسىدىن بۇرۇنراق كەپتۇ. پادىشاھ ئۆز قىزىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر قىزنىڭ ئۆزىگە چاي قۇيغانلىقىغا ھەيران قاپتۇ. يىگىتلەر مەلىكىنى «ساراي كۈتكۈچىسى» دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالغان پادىشاھ يالغاندىن گەپ ياساپ: «شاھلىق مۆھۈرۈمنى تۆمۈر ساندۇققا سېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇڭا، ئوردىغا بېرىپ مۆھۈرنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلەي، بولمىسا بەزىلەر تامغامدىن پايدىلىنىپ ئىش چىقىرىدۇ» دەپ ئوردىغا قايتىپتۇ. مەلىكىمۇ لەخمە ئارقىلىق ئاتىسىدىن بۇرۇن ھوجرىسىغا قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ ھوجرىسىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، خاتىرجەم بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ سارايغا قايتىپ بېرىپ، ئازادە مېھمان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە يىگىتلەرگە:

— ئاتام قانداق يىگىت تاللاشنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويغانىدى. مەن راشىدىنغا ئاشىق - بىقارار بولدۇم. بىراق، ئۇنداق يىراق پادىشاھلىققا ياتلىق بولۇشۇمغا ئاتام قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ يەردىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، غىپپىدە كېتىپ قالايلى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئاتامغا نەۋرىلىرىنى كۆرسەتكىلى كەلسەك، ئاچچىقىدىن يېنىپ قالار، — دەپتۇ.

يىگىتلەر بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپتۇ -

تۇتقۇر كىتاب تورىبېكىتى www.tutkitap.com

دە، سەپەر هازىرلىقىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. سارايۋەن:

— نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىغانىكەن، يىگىتلەر:

— شىكارغا چىقماقچى بولۇۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەلىكە شاھ ئاتىسىغا «هۆرمەتلىك شاھ ئاتا، ئايالLARنى خارلىغىنىڭىزغا قاراپ ئەرسىز ئۆتمەكچى ئىدىم، لېكىن ھەممە ئەرلەر سىزدەك ئەمەسكەن. مەن ۋاپادار، سەمىمىي راشىدىننى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۇرتىغا كەتمەكچىمەن. سىزنىڭ توسۇۋېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ خوشلىشىش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا بارالمىدىم. ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاللاغا ئامانەت، خەير خوش، قىزىڭىز سەنەۋەر» دېگەن خەتنى قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولغا چىقىپتۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ مەلىكە قالدۇرۇپ قويغان خەتنى كۆرۈپ، ئەس - هوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قاپتۇ. يىگىتلەرنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكىنىنى ئۇقالمىغانلىقتىن، پادىشاھ ئۇلارنى قوغلاشقىمۇ ئامالسىز قاپتۇ. ئۇ ھەسرەت چېكىپ تۇرسۇن، بىز گەپنى يىگىتلەرنىڭ سەپىرىدىن ئاڭلايلى.

ئۇلار يولغا چىقىپ تۆتىنچى كۈنى — رامزاننىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئاخشىمى هارغىنلىقتا پەخرىدىندىن باشقىلىرى ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بوپتۇ. بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پەخرىدىن كىرپىك قاقماي تولۇن ئاي بىلەن ساناقسىز يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىركەمدە بىر قاغا بىلەن بىر ئۇلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۇچۇپ كېلىپ، سېغىزلىق دۆڭگە قونۇپ بىر نەرسىنى تالاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇپ قانىتىۋەتكەن بولسىمۇ، قاغا ئۇ نەرسىنى ئۇلارغا بەرمەپتۇ. پەخرىدىن دەرهال كېلىپ، ئۇلار بىلەن قاغىنى تۇتۇۋاپتۇ. قارىسا بۇلارنىڭ تالىشىۋاتقىنى خورمىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بىر تال يوپۇرماق ئىكەن. پەخرىدىن قاغىنىڭ ئاغزىدىن يوپۇرماقنى تارتىۋېلىپ ئىككىلا قۇشنى قويۇۋېتىپتۇ. ئاندىن يوپۇرماقنى ئاغزىغا سېلىپ چايناپ بېقىپتۇ. دەل شۇ چاغدا يېنىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ ئۈستىدە ئۈچ قۇشقاچنىڭ خۇددى ئادەمگە ئوخشاش پاراڭلىشىۋاتقىنى ئاڭلىنىپتۇ. قۇشقاچنىڭ بىرى:

— بۇگۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغىنىغا بىر مىڭ يەتتە يۈز يىل بولغان كۈن. سىدرەتۇلمۇنتەهادىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن يوپۇرماق مۇشۇ كېچە يەرگە چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇ يوپۇرماق بىزگە نېسىپ بولغان بولسا، مەڭگۈ ئۆلمەيتتۇق، — دەپتۇ. يەنە بىرى:

— ئەگەر ئۇ يوپۇرماقنى ئادەملەر قولغا چۈشۈرەلىسە، ئالەمدىكى بارلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ ۋە هايۋاناتنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ. بۇ ئامەت كىمگە نېسىپ بولاركىن؟ — دەپتۇ. ئۈچىنچى قۇشقاچ بولسا:

— ئەگەر ئاشۇ يوپۇرماقنى قولغا چۈشۈرگەن كىشى بۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويسا، تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

ئەسلىدە پەخرىدىن قاغىنىڭ ئاغزىدىن تارتىۋالغان يوپۇرماق ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئەرشتىكى سىدرەتۇلمۇنتەهادىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەنىكەن. پەخرىدىن ھەممە ئۇچار

قانات ۋە ھايۋاناتنىڭ تىلىنى چۈشىنەلەيدىغان بولغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ، كېچىنى شېرىن خىياللار بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ تاڭ ئاتقاندا مەلىكە بىلەن ئاكىلىرىنى ئويغىتىپتۇ. ئۇلار ناشتا قىلىشىپ بولۇپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئوغۇللار يولدا كېتىۋېتىپ دادىسىنىڭ ئۈمىدىگە لايىق بەختكە ئېرىشەلمىگىنىنى، بىر قىزنى دادىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا ئېلىپ قېچىپ، ئوغۇل بالىغا لايىق ئىش قىلمىغانلىقىنى ئويلاپ خىجىللىق ھېس قىلىشىپتۇ. ياز ئاخىرلىشىپ كۈز كەلگەندە، ئۇلار ئۆز يۇرتىغا يېقىنلاپ قاپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازا ۋە غەربىي دەرۋازا دېيىلىدىغان ئىككى دەرۋازىسى بار ئىكەن. ئۇلار شەرقىي دەرۋازىغا يېقىن دەريا بويىغا كەلگەندە، ئىككى بېلىقئالغۇچ بۇلارنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدىن سايراپ ئۆتۈپتۇ. پەخىردىن قۇشلارنىڭ سايرىشىدىن دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە دادىسىنىڭ ئىنىسى مامۇت سەركەردىنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن بەش يۈز لەشكىرى بىلەن تەييارلىنىپ تۇرغانلىقىنى، پادىشاھلىق تەختىنى ئىگىلەش نىيىتىدە ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈشنىمۇ ھەممە تەييارلىقىنى ھازىرلىغانلىقىنى، يىراق كۆرمەي شەھەرگە غەربىي دەرۋازىدىن كىرسە، ئۆزلىرىنىڭ بېشى ئامان قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ ئاكىلىرىغا:

— بۇ دەريا بەك كەڭ ھەم چوڭقۇر، ساق - سالامەت ئۆتەلىشىمىز ناتايىن. شۇڭا، يىراق كۆرمەي، غەربىي دەرۋازىدىن كىرسەك، بىخەتەر بولارمىكىن، — دەپتۇ. ئاكىلىرى ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار غەربىي دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا ئەرشىدىن:

— دادىمىزنىڭ بىزنى سەپەرگە ماڭدۇرۇشتىكى مەقسىتى ماھارىتىمىزنى سىناش ئىدى. ئۇ مەقسەت تېخى ئىشقا ئاشمىدى. شۇڭا، ھەربىرىمىز خالىغان تەرەپكە قارىتىپ ئوقيا ئۈزسەك ۋە ئوقىمىز چۈشكەن يەردىن بەختىمىزنى ئىزدەپ باقساق، — دەپتۇ.

بۇ مەسلىھەت باشقىلارغىمۇ يېقىپتۇ. تۇنجى بولۇپ راشىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوقيا ئۈزگەنىكەن، ئوق ئايلىنىپ - ئايلىنىپ كېلىپ سەنەۋەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. راشىدىننىڭ سەنەۋەرگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىشەنچىسى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۈچىيىپتۇ. ئەرشىدىن شەرق تەرەپكە قارىتىپ ئوقيا ئۈزگەنىكەن، ئوق بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى كاتتا سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ سەنەۋەردىن قېلىشمىغۇدەك چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. ئەرشىدىن ئۇنى «مېنىڭ بەختىم» دەپ ھېسابلاپتۇ. شەمشىدىن غەربكە قارىتىپ ئوقيا ئۈزۈپتۇ. ئوق ئۆچكە سېغىپ ئولتۇرغان ئايدىن گۈزەل بىر قىزنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. شەمشىدىن بۇ قىزنى چىن كۆڭلىدىن يارىتىپ قاپتۇ. پەخىردىن جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ ئاتقان ئوق سازلىققا سەكرەپ يۈرگەن بىر پاقىنىڭ يېنىغىلا چۈشۈپتۇ. ئوغۇللار پاقىدىن يىرگىنىپ، ئوقنى ئالمايلا قايتماقچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا پاقا زۇۋانغا كېلىپ:

— مەن قىياپىتىمنى ئۆزگەرتىۋالغان پەرىمەن. پەخىردىننى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق - بىقارار بولدۇم، — دەپتۇ.

پەخىردىن پاقىنى خۇشاللىق بىلەن قوينىغا سېلىۋاپتۇ. ئوغۇللار قايتا غەربىي دەرۋازىغا

يېقىنلاپ كەلگەندە، قاراۋۇللار شاھقا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. شاھ دەرھال ۋەزىرلىرى بىلەن كېلىپ، ئوغۇللىرى ھەم كېلىنلىرى بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇنىڭغىمۇ قانماي راشىدىن، ئەرشىدىن، شەمشىدىنلار بىلەن قۇچاقلىشىپتۇ. پەقەت يېنىدا مەھبۇبى يوق پەخرىدىن بىلەنلا قۇچاقلاشماپتۇ. بۇ چاغدا پەخرىدىنىڭ قوينىدىكى پاقا يەرگە سەكرەپ چۈشۈپلا ناھايىتى چىرايلىق پەرىگە ئايلىنىپتۇ ـ دە:

— ئوغۇللىرى پەخرىدىن ئەڭ بەختلىكتۇر. مەن ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر سادىق بولۇپ ئۆزلىرىنى خاتىرجەم قىلىمەن، — دەپتۇ. بۇ مەنزىرىدىن ئەترापتىكىلەر ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ. پاقىنىڭ تېرىسى دەرھال قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن چىرايلىق جۇۋىغا ئايلىنىپتۇ. پەرى قىز:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، خانىش ئانىمىز قەيەردىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

خانىش بالىلىرىنى سېغىنىپ، تولا يىغلاپ كېسەل بولۇپ قالغان، ئۇنىڭغا ھەرقانداق دورا ـ سەۋەبلەر شىپا بولمىغانىكەن. شاھ ئوغۇل ھەم كېلىنلىرىنى خانىشنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ كىرىپتۇ. پەرى قىز جۇۋىسىنى خانىشقا يېپىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلىغانىكەن، ئۇ دەرھال سەللىمازا ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، ئوغۇل، كېلىنلىرىنى باغرىغا بېسىپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقتىن شەھەر خەلقى بىلەن ئورتاق بەھرە ئېلىش ئۈچۈن، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ ئوغۇللىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى مۇبارەكلەپتۇ. شەھەر خەلقى قىرىق كۈنگىچە پولۇ، كاۋاپ قاتارلىق ئېسىل غىزالارغا داخىل بوپتۇ. پادىشاھ بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ، پۇقرالارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ شاھلىق تەختىنى چوڭ ئوغلى راشىدىنغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. راشىدىن ئالدى بىلەن لەشكىرىي سەپىنى مۇستەھكەملەپ، قۇدرەتلىك لەشكىرىي قوشۇن بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. شۇ ئارىدا قارا نىيەت مامۇت ئەتراپىغا ئۆز يېقىنلىرىنى توپلاپ، تەختنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشكەنىكەن، راشىدىن سەرخىل لەشكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جەمئىيەت مۇقىم بوپتۇ. ئۇكىلىرى راشىدىنغا ھەمدەم بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ، دۆلەتنى قۇدرەتلىك، خەلقنى خاتىرجەم، باياشاد قىپتۇ. پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ بىرلىشىپ پۇقرالارنى تېخىمۇ باياشاد تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم ياشاپتۇ. «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قاراقاش ناھىيە ماڭلاي يېزىسىدىن ئابدۇرېشىت پاسار
(رەتلىگۈچى قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)



ئۇيغۇر خەلق قىزىقچىسى سەلەي چاققان (ماي بوياق)

دىلمۇرات پەرھات سىزغان

www.uyghurkitap.com



بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەري مازىرى


# 源 泉 (布拉克)

# بۇلاق

(维 吾 尔 文)　　总118期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 118 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

新 疆 人 民 出 版 社 编 辑 出 版
(乌 鲁 木 齐 市 解 放 南 路 3 4 8 号)
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌 鲁 木 齐 市 邮 局 发 行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全 国 各 地 邮 局 订 阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:6.50元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى:830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　باھاسى: 6.50 يۈەن